شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال

# BULAK

2006

4



# بۇلاق

ISSN 1005 0876
08 >
9 771005 087006

源泉(布拉克)

أُمِرْنَا أَنْ نُكَلِّمَ النَّاسَ عَلَى قَدْرِ عُقُولِهِمْ

الحمد لله که بو کتاب مستطاب مسرت انتساب کیم فواکه و میوه لار
هر بری برلن جان تلیده قیلغان مجادله سیدن عبارت دور

# شکرستان

اهیله تانلوب ملا محمد زفر شکور محمد اوغلی سعی و غراجاتی برله
تاشکند فردوس مانندده بو وصوف مطبعه سیده چاپ قیلندی

روی الحسن احسن الحسن الخلق الحسن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق



27 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 109 ـ سان

ئېپار شۇنداق نەرسىكى، ئېپار ساتقۇچى «ئېپار پۇرايدۇ»، دېمىسىمۇ ئېپار ئۆزى پۇرايدۇ. دانا — ئالىم ئەتىر ساتقۇچىغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ئاۋازسىزلا ئۆز پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ. نادان — بىلىمسىز سېرىكچىنىڭ دۇمبىقىغا ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭ ئاۋازى يۇقىرى بولسىمۇ ئىچى كاۋاك.

**— شەيخ سەئدى**





باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن
(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


# بۇ ساندا

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


سىددىقنامە.......................... مۇھەممەد سىددىق رەشدى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۆ

شەككەرىستان .......................... موللا ئەھمەد (17)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئەمىن


## ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن


تارىخى رەشىدىي.......................... مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (44)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت



مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

## تارىخ تەتقىقاتى

خۇەن چاڭدىڭ تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىي ئۇتلۇق ئەجدادى قارا توغرىسىدىكى بىر قانچە نۇقتىلارغا ئىزاھات ......................... رەيھان قادىر(66)

تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تومەن

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

«ئوغۇزنامە»دىكى ئىلاھىي دەرەختىن يارىلىش ئەپسانىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمى ....... (93)
...................................... قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران

## مەشھۇر شەخسلەر

بۇيۇك مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىسساخاننىڭ ھاياتى ۋە ئائىلىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر ......................... سۇلتان مامۇت ئىبراھىم (99)

## فولكلور تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىمىزدىكى رولى توغرىسىدا ......(107)
...................................... مۇيەسسەر ئابدۇللا

## ئۇچۇرلار

دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر — «مىڭ بىر كېچە» ..... ئازات ئالماس(110)

※ ※

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

※ ※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: دولان (رەسسام: ئەسقەر تۇردى)
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: «شەككەرىستان»نىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن
مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: قەيسەر ھامىدىن ماي بوياق رەسىملىرىدىن
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە: مەختۇمسۇلا (رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)




## قىرىق تۆتىنچى باب مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، مەردلىك، سېخىيلىقنى ئىزدىسەڭ — مەرد، سېخىي بولاي دېسەڭ، ئالدى بىلەن مەردلىك، سېخىيلىق دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىدىن پەيدا بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى بىلگىن.

— ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلگىنكى، ئادەمدە ئۈچ سۈپەت بولىدۇ. بۇ ئۈچ سۈپەتسەندە يوق دېسە قايىل بولىدىغان ھېچقانداق ئادەم يوقتۇر. مەيلى دانا بولسۇن، مەيلى نادان بولسۇن تەڭرىم ئاتا قىلغان شۇ سۈپەتلەر بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ.

بۇ سۈپەتلەر: بىرىنچى، ئەقىل؛ ئىككىنچى، راستلىق؛ ئۈچىنچى، ساخاۋەت. ھەقىقەت كۆزى بىلەن قارىساڭ، بۇ ئۈچ سۈپەتنى ھېچ كىشى مەندە يوق دېمەيدۇ. ئەمما كىشىلەر تەبىئىتىدىكى تۆرلۈك خاراكتېر تۈپەيلى ھەمىشە ئۇنىڭغا خىلاپ ھەرىكەتتە بولىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ھەقسۇبهانە ۋە تائالا ئادەمزاتنى بىر - بىرىگە ئوخشمايدىغان، چېچىلىپ تۇرغان تۆرلۈك ماددىلاردىن جەمئ قىلىپ ئاپىرىدە قىلغان. شۇڭا ئادەمزاتنى «پۈتكۈل ئالەم» دېيىشكىمۇ ياكى «ئالەمنىڭ بىر قىسمى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كۆرمەمسەن، ئالەمدە نېمە بولسا، ئادەمنىڭ تېنىدە شۇ بار. ئادەم شۇ ئالەمدە بار بولغانلىكى تەبىئەت ماددىلىرى، مەسىلەن: قورقۇش، ئۇنسۇر (ئېلېمېنت)، سۈرەت (كۆرۈنۈش)، نەپەس ۋە ئەقىلدىن تەركىب تاپقان ئالاھىدە ئالەمدۇر. ئادەم تېخى ئۇشبۇ يىغىندا ئالەمدىنمۇ مۇرەككەپتۇر. ياراتقۇچى تەڭرىم ئۇشبۇ يىغىندىنى، يەنى تەبىئەتتىكى بارلىق ماددىلارنى بىر - بىرىگە بەند قىلىپ بەرپا قىلدى. ئالەم ۋە تەبىئەتنى ئۆز تۈرى بويىچە بىر - بىرىگە باغلىدى. ماھىيەتتە ھەممىسى پەرقلىق بولۇپ ھەم بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق، ھەم بىر - بىرىگە زىتتۇر. ئالايلۇق، ئوت، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋا كەبى. تۇپراق ئوت بىلەن سۇنىڭ ئارىسىدىكى ۋاستەدۇر، شۇڭا تۇپراق — قۇرۇقلۇقى بىلەن ئوتقا؛ سوغۇقلۇقى بىلەن سۇغا باغلاندى. سۇ — سوغۇقلۇقى بىلەن تۇپراققا، ھۆللۈكى بىلەن ھاۋاغا باغلاندى. ھاۋا — ھۆللۈكى بىلەن سۇغا، ئىسسىقلىقى بىلەن ئوتقا باغلاندى. ئوت (ھارارەت) ئەسلى ماددىسىنىڭ يېنىكلىكى بىلەن ئاپتاپقا (قۇياشقا) باغلاندى. قۇياش — يۇلتۇزلار ۋە پەلەكنىڭ پادىشاھى — يۇلتۇز، پەلەك ۋە ئىسسىقلىقنىڭ جەۋھىرى. شۇڭا ئۇ بەشىنچى «ئۇنسۇر» دېيىلىدۇ. ئەگەر تەبىئەتتىكى ماددىلار

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

شۇ جەۋھەردىن بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇشى سەۋەبلىك بەلگىلىك قۇۋۋەتكە ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭغا، يەنى قۇياشقا باغلانغان جىسمكى نەرسە خاراب بولغان بولاتتى. دېمەك، تەبىئەت پەلەك، يەنى ئاسمان جىسىملىرىغا، ئاسمان جىسىملىرى جىسمانىيەتكە، جىسمانىيەت ئەقىلگە باغلانغان هالدا ئۆزئارا قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان. قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئادەمزات تېنىدە بولىدىغان تۇرلۇك ئۆزگىرىشلەر، مەسىلەن، ئورۇقلۇق، سېمىزلىك، يەڭگىللىك ياكى ئېغىرلىق هەممىسى تەبىئەتتىكى ماددىلار بىلەن بولغان باغلىنىشلىق سەۋەبىدىندۇر.

سۇرەت، تۇرق، هايات، قۇۋۋەت ۋە هەرىكەت پەلەكتىن پەيدا بولىدۇ. ئادەمدە بولىدىغان بەش خىل هال: ئىشتىمەك (ئاڭلىماق)، پۇرىماق، تېتىماق، كۆرمەك ۋە تۇتۇپ - سىيلاپ بىلمەك سېزىمدىن، يەنى تۇيغۇ هاسىل قىلىدىغان هېسسىي ئەزالارنىڭ قۇۋۋىتىدىن پەيدا بولىدۇ. ياد ئالماق، پىكىر قىلماق، خىيال قىلماق، سۆزلىمەك ۋە تەدبىر قىلماق ۋۇجۇد ئارقىلىق هاسىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك ۋە ئەزىز سۈپەتلەر بولىدۇ، بۇ سۈپەتلەرنى قانداقتۇر كېيىن پەيدا بولغان، ئۇنىڭدىن ياكى بۇنىڭدىن هاسىل بولغان دەپ قىياس قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەمدى، سېخىيلىق، ئىلىم، كامالەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ ماددىسى روهتۇر. ئەقىل روهنىڭ بەرىكىتى ئارقىلىق بەدەنگە ئۆتىدۇ. بەدەن جان بىلەن هايات يۇرەلەيدۇ. جان نەپەس بىلەن ۋە نەپەس ئەقىل بىلەن بەرپا بولىدۇ. ئومۇمەن، هەرقانداق بىر ئادەمنىڭ تېنىنىڭ هەرىكەتتە بولۇشى جېنىنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. سۆزلەۋاتقانلىقى نەپسىنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. لېكىن تەن بىلەن جاننىڭ ئارىسىدا ئاغرىق، يەنى بىرەر ئىللەت هاسىل بولۇپ، بىرىدىن بىرىگە ئۆتىشىدىغان باغلىنىش ئاجىزلىشىپ كەتسە، جاندىن تەنگە مەدەت بولىدىغان زۆرۈرىي نەرسىلەر يېتىشمەي قالىدۇ. نەپەس بىلەن جاننىڭ ئارىسىدىمۇ بىرەر ئىللەتنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، ئەقىلنىڭ ماددىسى نەپەسكە يەتمەي قالىدۇ. بۇ هالدا پىكىر، تەدبىر، راستلىق ۋە ساخاۋەتتىن هېچنەرسە هاسىل بولمايدۇ. لېكىن روهقا يېتىدىغان بەرىكەت — مەرهەمەتنىڭ يولى جاهالەت ئىللىتى بىلەن باغلىنىپ قالىدىكەن، ئۇخشاشلا هەرقانچە دەۋەت قىلغان بىلەنمۇ، هېچقانداق مەنپەئەت هاسىل بولمايدۇ. ئەمما دۇنيادا ئۆزىنى «سېخىي ئەمەس» دەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوقتۇر.

— ئەي ئوغۇل، تىرىش، ئۇلارغا، يەنى نامەرد، ساخاۋەتسىز ئادەملەرگە ئوخشاش مەنىسىز بولما. مەنىسىز دەۋالارنى هەم قىلما. يۈكسەك روه ئارقىلىق ئىلىم نۇرىنىڭ، بەرىكەت - مەرهەمەتنىڭ يولىنى ئېچىشقا تىرىشقىن. بىلمەك ۋە بىلدۇرمەك، ئاڭلىماق ۋە ئاڭلاتماقنىڭ مەنىسىنى چۈشەن. بۇ دېگەنلىك، بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىش، بىلگەننى بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

— بىلگىل، ئەي ئوغۇل، هۆكۈمالار ئەقىلنى، ساخاۋەتنى دېمەكلىككە ئايرىمدەك كۆرۈنسىمۇ بىر مەنىدە، بىر سۇرەتتە چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئۇ سۇرەتنى تەن، جان، هۇش (ئەقىل)، مەنە ۋە ساخاۋەتتىن يۇغۇرۇلغان بىر گەۋدە، دەپ قارايدۇ. سۇرەتنىڭ تېنى، يەنى گەۋدىسى مەردلىك، سېخىيلىقتىن، جېنى راستلىقتىن، هەۋەس، يەنى هېسسىي بىلىش (مەرىپەت) ئىلىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ساپلىق ۋە توغرىلىقتۇر. ئەمما بۇ سۇرەتلەرنىڭ تەقسىملىنىشى هەممە كىشىدە ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. بىر تائىپىگە تەن نىسىپ بولغان بولسا، يەنە بىر تائىپىگە جان نىسىپ بولغان، باشقى-

لىرى يوق. يەنە بىر تائىپىگە تەن، جان ۋە ھەۋەس نىسىپ بولسا، يەنە بىر تائىپىگە تەن، جان، ھەۋەس ۋە مەنە نېسىپ بولغان.

تەن (گەۋدە) نېسىپ بولغان گورۇھ كۆرۈنۈشىدىنلا ئوقۇمۇشلۇق، بازارىي، يەنى ئىلىم - سېتىم قىلغۇچىلار، ئەمەلدارلار بولۇپ، بۇلارنى خەلق مەرد، سېخىي ئاتاشتى. تەن ۋە جان نېسىپ بولغان گورۇھ ئاشكارا مەرىپەتپەرۋەر، تەقۋادار، سوپى - دەرۋىشلەر بولۇپ، ئۇلارنى خەلق دىندار، مەرىپەتسۆيەرلەر ئاتاشتى. تەن، جان ۋە ھەۋەس نېسىپ بولغان گورۇھ پەيغەمبەرلەر، ئەھلى سەفا (كۆڭلى پاك كىشىلەر) ۋە ھۆكۈمالاردۇر. خەلق ئۇلارنى ئۆلىما، ئالىم ۋە پازىل كىشىلەر، دەپ ئاتاشتى. تەن، جان، ھەۋەس ۋە مەنە نېسىپ بولغان گورۇھ روھانىيلار، يەنى پەرىشتە، مۇرسەل پەيغەمبەرلەردۇر.

— ئەي ئوغۇل، سەن قۇدرىتىڭنىڭ بارىچە ۋە قەدىمىڭنىڭ يەتكىنىچە تىرىش، ئىجتىھات كۆرسەت، تەرەققىي قىلالايسەن. ھۆكۈمالار«مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ ئەسلى (ماھىيىتى) ئۈچ نەرسىدۇر: بىرىنچى، نېمە دېگەن بولسا، شۇنى قىلىش، يەنى دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش؛ ئىككىنچى، ئېيتقان سۆزدە ۋە قىلغان ئىشتا راستچىل بولۇش؛ ئۈچىنچى، ھەرقانداق ئىشنى سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەت بىلەن ئىشلەشنى ئادەت قىلىش. ھەر ئىش مەردلىك، سېخىيلىققا تەئەللۇق بولغان ئۇشبۇ ئۈچ سۈپەتتىن تاشقىرى بولماس» دېگەن.

— ئەي ئوغۇل، ناۋادا بۇ مەزمۇنلارنى چۈشىنىش ساڭا مۇشكۇل بولسا، مەن ھەر قايسىسىنىڭ مىقدارىنى ئايرىپ سەن بىلگەنگە قەدەر تەپسىلىي شەرھىي قىلاي.

— ئاڭلا ۋە بىلگىنكى، مەردلىك ۋە سېخىيلىق دېگىنىمىز: ھەر ئىشتا كۆڭۈللۈك، مەردانە ۋە ھىممەتلىك بولۇش؛ ھەر ئىشتا سەۋرلىك بولۇش؛ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش؛ كۆڭلى تازا ۋە پاك، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولۇش؛ دىيانەتلىك بولۇش؛ مۇسۇلمانلار ھەققىدە بەدگۇمان بولماسلىق؛ مۇسۇلمانلار توغرىسىدا ياخشىلىقنى خاھىش قىلىش؛ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىنى خالىماسلىق، يەنى مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك؛ دوستلىرى ئۈچۈن زىيان تارتىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرۈش؛ كىشىگە يالغان ئېيتماسلىق، بۆھتان ۋە ئىزا قىلماسلىق؛ كىشى ئۈستىدە غەيۋەت قىلماسلىق؛ مۇسۇلمانلارغا ئۆز ئىشىدەك ياردەمدە بولۇش؛ زالىملارنىڭ زۇلمىنى مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن يوق قىلىش؛ ناۋادا بىرەر مۆمىن (مۇسۇلمان)نىڭ ئەيىبى كۆرۈنۈپ قالسا، دەرھال يېپىش؛ خەلقنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش يولىدا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش؛ دەرۋىشلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق؛ نان، تۇز يېگەن ئۆينىڭ ئىگىسى ئۈستىدىن غەيۋەت قىلماسلىق؛ خەلققە قوپال مۇئامىلىدە بولماسلىق ۋە يامان لەقەب بىلەن چاقىرماسلىق؛ قېرىلارنى ئاتىسىدەك كۆرۈش؛ تەڭ ياشتىكىلەرنى بۇرادىرىدەك بىلىش؛ كىچىكلەرنى پەرزەنتىدەك كۆرۈش؛ خەلققە شەپقەت - مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش؛ ئۆزىنى ھەممىدىن كىچىك (كەمتەر) تۇتۇش؛ ئەسىرلەرگە مېھرىبان بولۇش؛ بىچارىلەرگە يار - يۆلەكتە بولۇش؛ يامانلارنىڭ يامانلىقىنى يوق قىلىشقا تىرىشىش؛ ھەرقاچان دۇرۇس يۈرۈش ۋە راست سۆزلەش؛ ئىمكان بار ئۆز دەردىگە ئۆزى يېتىش؛ نان، تۇزنىڭ ھەققىنى ساقلاش؛ ياخشىلىققا يامانلىق قىلماسلىق؛ ۋاقىتلىق جاپا - مۇشەققەتنى راھەت،

دەپ بىلىش قاتارلىقلاردۇر. ئەگەر بۇلارنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسەك، ھەممە - سى يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ سۈپەتكە مۇجەسسەملىنىدۇ.

**ھېكايەت:**

كۆھىستاندا بىر كۈنى بىر نەچچە ھەييار (بىكارچى) جەم بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە سالام قىلىپ دېدىكى:

— مەن شەھەردىكى ھەييارلار (بىكارچىلار)نىڭ سىزلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى. شەھەردىكى ھەييارلار سىزلەرگە سالام ئېيتتى ۋە مۇنۇ ئۈچ مەسىلىنى يەتكۈزۈپ قو - يۇشۇمنى تاپىلىدى. ئەگەر سىزلەر بۇ ئۈچ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلىسەڭلار، سىزلەرنىڭ بىزنىڭ چوڭىمىز ۋە سەردارىمىز بولۇشۇڭلارغا ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن قوشۇلىمىز. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭلار ياكى سەۋەب كۆرسىتەلمىسەڭلار سىزلەر ھەم رازى بو - لۇڭلاركى، بىز سىزلەرنىڭ چوڭۇڭلار ۋە سەردارىڭلار بولىمىز.

ھەييارلار سورىدى ۋە دېدىكى:

— ئۇ ئۈچ مەسىلە قايسى؟ ئېيتقىل، جاۋابىنى ئاڭلا!

— بىرىنچى، مەردلىك، سېخىيلىق دېگەن نېمە؟ ئىككىنچى، مەردلىك بىلەن نا - مەردلىك ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟ ئۈچىنچى، بىر ھەييار بىر دوقمۇشتا (كوچا ئېغى - زىدا) ئولتۇرغان بولسا، بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، بىر پەستىن كې - يىن يەنە بىر كىشى تىخ كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرگىلى كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ، دوق - مۇشتا ئولتۇرغان ھەيياردىن: «پالانى بۇ يولدىن ئۆتتىمۇ؟» دەپ سورىسا، بۇ ھەييار بۇ ئەھۋالدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى كېرەك؟ ئەگەر ئۆتمىدى دېسە، يالغان بولىدۇ؛ ئۆتتى دېسە، ناھەق خۇن تۆكۈشكە ياردەمدە بولغان بولىدۇ.

ھەييارلار بۇ مەسىلىلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فەزىل ھەمەدانى ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ:

— بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى مەن بېرەي، — دېدى.

— جاۋاب بەرگىن، — دېدى شەھەردىن كەلگەن ھەييار.

فەزىل ھەمەدانى جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ مەنىسى — نېمىدېگەن بولساڭ، دېگەننى ئەمەلگە ئا - شۇرۇش؛ مەردلىك بىلەن نامەردلىكنىڭ پەرقى — سەبىردۇر. ئەمدى، دوقمۇشتا ئولتۇر - غان ھەييارنىڭ جاۋابى شۇكى، قېچىپ كەلگەن ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ، يەنى دوقمۇشتا ئولتۇرغان ھەييارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەييار قوپۇپ ئەسلى ئورنى - دىن بىر - ئىككى قەدەم نېرىغىراق يۆتكىلىپ ئولتۇرسىلا بولىدى. تىخ كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشى ئۇنىڭدىن: «پالانى كىشى بۇ يەردىن ئۆتتىمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «تاكى مەن بۇ يەردە ئولتۇرغاندىن بېرى ھېچ كىشى ئۆتمىدى» دەپ جاۋاب بەرسىلا بولىدۇ.

مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ ئەسلى ۋە مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا ھەييارلارغا باغلاپ توختالدۇق. ئەمدى ئەمەلدارلارغا كەلسەك، ئۇلار ھەم ئۆزلىرىنى مەن ئېيتىپ ئۆتكەن - دەك، مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ يوسۇنلىرى بويىچە تۇتمىقى لازىمدۇر. ئادەتتە، لۇتۇف - كەرەم قىلماق، مېھماندارچىلىق قىلماق، خۇدانى تونۇماق ۋە كىيىمنى پاكىزە كىي -

مەك، رەتلىك يۈرمەك قاتارلىقلار لەشكەرلەردە كۆپرەك بولۇشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىزانلاردۇر. ئۆزىنى كىچىك پېئىل، كەمتەر تۇتماق، ئەدەپلىك بولماق ئەمەلدارلاردا بولۇشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىزانلاردۇر. مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ بازار خەلقى ئۈچۈن شەرت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ھۈنەرۋەنلەر قاتارىدا بايان قىلىنغاندۇق، ئەمما بۇ جەھەتتە شەھەر - بازار خەلقى مەرىپەتپەرۋەر ۋە ھەممىدە راستلىقنى ئەۋزەل بىلىدىغان بولمىقى لازىمدۇر. ئەمدى، ئۆلىمالارغا كەلسەك، مەردلىك، سېخىيلىق توغرىسىدىكى مۇنداق بىرنەچچە سۈپەت ئۇلاردا بولۇشى كېرەك:

بىرى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش؛ ئىش - ھەرىكىتى، قىلىقى يېقىملىق بولۇش؛ دىن ئىشلىرىدا مەھكەم بولۇش؛ ھەرگىز ئاچچىقلانماسلىق؛ دىن ئەشدىن بۆلەك ئىشتا كىشىنىڭ نىقابىنى يىرتماسلىق ۋە ئەيىبىنى ئاشكارا قىلماسلىق، سىرىنى يايماسلىق، ئەگەر بىرەر بىچارىگە ئۆز ئىشى تۈپەيلى سەھۋەنلىك سادىر بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش؛ بىراۋ ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولسا، ئىلىم ئۆگىتىشتە ھەرگىزمۇ بېخىللىق قىلماسلىق، تەمەسىزلىك بىلەن ئۆگىتىش؛ قىلغان ئەجرى ياكى تەقۋادارلىقىنى جامائەت ئالدىدا نامايىش قىلىپ يۈرمەسلىك، ئەمما كىشىلەر ئالدىدا ھەقىقىي تۆھپە - ئەجرى ئارقىلىق ياخشى نام - ئاتاق بىلەن مەشھۇر بولۇش. ناۋادا كىشىگە نەسىھەت قىلىش توغرا كەلسە، كىشىلەردىن پىنھان قىلىش، ئاشكارا نەسىھەت قىلماسلىق، يەنى كىشىلەر يوق يەردە ئايرىم نەسىھەت قىلىش. ھەرگىزمۇ گۇناھى بار دەپلا بىرەر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارىتا ئالدىراپ پەتىۋا - ھۆكۈم چىقارماسلىق؛ چۈنكى چىقىرىلغان پەتىۋانىڭ خاتاسىنى تۈزىتىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۆلۈمنى تۈزەتكىلى، يەنى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ. يەنە بىرى، جاھىللىق ياكى ئاچچىق تۈپەيلى باشقا بىر مەزھەپلەرنى «كاپىر» دېمەسلىك، چۈنكى ئۇنداق دېيىش كۇپۇرلۇق سانىلىدۇ. ھېچبىر كىتابتا «مەزھەپى باشقا بولغانلارنىڭ دىنىمۇ باشقا بولىدۇ» دېگەن گەپ يوق. يەنە بىرى، باشقىلاردىن ئىلىم - ئىلمىي ھېكمەت ھەققىدە ئۆزى ئاڭلاپ باقمىغان ياكى بىلمەيدىغان بىرەر ئىلىم - ئىلمىي ھېكمەتنى ئاڭلىسا، ئالدىراپ ئىنكار قىلماسلىق. چۈنكى بىلمەسلىك كۇپۇرلۇق ئەمەس، ئىنكار قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر. يەنە بىرى، ھېچ كىشىنى خۇدانىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد قىلماسلىق، قاتارلىقلار. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئالىمدا ئۇشبۇ سۈپەتلەر بولسا، ئۇ دەل مەرد، سېخىي ھېسابلىنىدۇ.

گەپنىڭ قىسقىسى، مەردلىك، سېخىيلىق توغرىسىدا «ئەھلى تەسەۋۋۇف» (سوپىلار ئەھلى)قا ئائىت رىسالىلەردە ئۇستازلار مۇكەممەل بايان قىلغان. خۇسۇسەن، ئۇستاز ئەبۇلقاسىم قەشرى «ئادابۇت - تەسەۋۋۇف» ناملىق رىسالىسىدە؛ شەيخ ئەبۇلھەسەن «بەيانۇس ـــ سەفا» ناملىق كىتابىدا؛ ئەبۇ مەنسۇر دەمەشقى «ئەزىمەتۇللاھ» دېگەن كىتابىدا بۇ سۈپەتلەرنى باشتىن - ئاخىر تىلغا ئالغان. شۇڭا مەن سۆز ئۇزىراپ كەتمىسۇن ئۈچۈن، بۇ تەرىقىنىڭ، يەنى سۈپەتلەرنىڭ شەرتلىرىنى كۆپ پۇتمىدىم. مېنىڭ مەقسىتىم، بۇ كىتابتا ساڭا پەقەتلا پەند - نەسىھەت بېرىش، سېنىڭ كۇندىن - كۇنگە ئۇبدان بولۇشۇڭنى ئىزدەش ئىدى. شۇڭا پەقەت تەنبىھنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدىلا توختىلاي ھەمدە مۇشۇ قوۋم بىلەن، يەنى سوپىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولالىساڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كەلمەيدىغان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇشبۇ قوۋمگە ئالاقىدار مەردلىك، سېخىي-

لىقنىڭ شەرتلىرىنى ساڭا ئاشكارا قىلاي!

بۈيۈك تەڭرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ تىرىكچىلىك قىلىشتا، بۇ تائىپىدىگە يەتكەن رەنج ـ مۇشەققەت باشقا ھېچ تائىپىگە يەتكەن ئەمەس. يەنى ھېچبىر تائىپە بۈيۈك تەڭرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ تىرىكچىلىك قىلىشتا، بۇ تائىپىدەك، يەنى ئەھلى سوپىلاردەك رەنج ـ مۇشەققەت تارتقان ئەمەس. شۇڭا رەسۇل ئەلەيھىسسالام كۆپرەك ئۇلارنى دوست تۇتقانىدى. ئەلۋەتتە بۇ تەرىقىدە مەردلىك، سېخىيلىقنى بەجا كەلتۈرۈش تولىمۇ مۇشكۇلدۇر. ئەمدى بۇ تائىپەنىڭ، يەنى سوپى، دەرۋىشلەرنىڭ مەردلىك، سېخىيلىقىنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلاي:

— ئەي ئوغۇل، بىلگىل، سوپى، دەرۋىش شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئۇلار مۇجەررەد (يالىڭاچ) بولىدۇ. يەنى دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالىي ساقلايدۇ. بۇ خىل سۈپەت — خاراكتېر «تەسەۋۋۇف» (سوپىلىق، سوپىزم) دېيىلىدۇ.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، ئىككى سوپى بىللە سەپەرگە چىققانىدى. بىرى «مۇجەررەد» (يالىڭاچ، دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى يوق) ئىدى. يەنە بىرىنىڭ بەش ئەشرەفى (بەش ئالتۇن ئاقچىسى) بار ئىدى. پۇلى يوق سوپى سەپىرىنى غەم ـ ئەندىشىسىز داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەر قونالغۇغا كەلسە، خاتىرجەم ۋە تىنچ ئۇخلايدىكەن. ھېچقانداق ئەندىشىسىمۇ يوق ئىكەن. ئەمما ھېلىقى بەش ئەشرەفى (بەش ئالتۇن ئاقچىسى) بار سوپى گەرچە يەنە بىر سوپىغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچۋاقىت خاتىرجەم يول يۈرەلمەيدىكەن. دائىم غەم ـ قايغۇ ئىچىدە يۈرۈيدىكەن. ئاخىرى ئىككىسى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەر ئەسلىدىلا ئوغرى، قاراقچىلارنىڭ كېلىپ تۇرىدىغان جايى ـ ماكانى ئىكەن. پۇلى يوق سوپى كېلىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئىچىپ، يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەمما ھېلىقى ئالتۇن ئاقچىسى بار سوپى غەم ـ قايغۇ ئىچىدە زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. ھەم «قانداق قىلسام بولار؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى نالە قىلىدىكەن. پۇلى يوق سوپى ئويغىنىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆزى نالە قىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ بېشىڭغا نېمە بالالار كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ. سوپى:

— مەندە بەش ئەشرەفى بار ئىدى. سەن يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتىڭ. ئەمما مەن ئەشرەفىنىڭ غېمىدە خاتىرجەم بولالمىدىم. ئەنسىرەپ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى، — دەپتۇ. پۇلى يوق سوپى:

— ئۇنداق بولسا، ئۇ بەش ئەشرەفىنى ماڭا بەر. مەن ئۇنى قانداق ساقلاشنىڭ تەدبىرىنى قىلاي، — دەپتۇ. سوپى يېنىدىكى بەش ئەشرەفىنى بېرىپتۇ. ئۇ، يەنى پۇلى يوق سوپى بەش ئەشرەفىنى ئېلىپلا قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ ۋە:

— ئەمدى نېمە قىلاي ۋە قانداق ئىلاج قىلاي؟ — دەپ نالە چېكىشتىن قۇتۇلدۇڭ. خاتىرجەم يېتىپ، غەم ـ ئەندىشىسىز ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، — دەپتۇ.

ماشايىخلار (مەشھۇر دىنىي ئالىملار) ئېيتقانىدەك، تەسەۋۋۇپنىڭ ھەقىقىتى ئۈچ نەرسە بىلەندۇر. ئۇلار: «تەجرىد»، «تەسلىم»، «تەسدىق».

تەجرىد — دۇنيادىن كۆڭۈلنى پارىغ تۇتماق، يەنى دۇنيانىڭ لەززىتىدىن، مال - مۈلكىدىن قولىنى تارتماق؛

تەسلىم — ئۆزىنى، يەنى بارلىقىنى خۇداغا تاپشۇرماق؛

تەسدىق — ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلماق، دېگەنلىكتۇر.

ھەرقاچان بىرگە قانائەت قىلساڭ، نەپسىنىڭ ئاپىتىدىن يىراق بولساڭ، كۆرگەنلىكى نەرسىنى مەنئىي قىلىشتىن ساقلانساڭ، يەنى مەنئىي قىلىدىغانلىرىمۇ بار، مەنئىي قىلمايدىغانلىرىمۇ بار. ھەر نەرسىگە قارىتا پەرقلىق، توغرا مۇئامىلىدە بولالىساڭ، ئۇ ھالدا تامامىي تەرىقەت ساڭا يۈز قويغان بولىدۇ. دەرۋىش بولغۇچى چوقۇمكى ئۆزى ھەققىدە «تەسلىم»نى ئۆزىگە لازىم تۇتقاي. باشقىلار (مۆمىن بۇرادەرلىرى) بىلەن ھەرگىز تەڭلىك تالاشمىغاي. «مەنلىك»نى، يەنى ئۆزۈم ئۇچۇن دېگەننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەي. ساھىبى غەرەز (غەرەز ئىگىسى) بولمىغاي. ھەرقانداق ئىشقا راستچىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن قارىغاي. ھېچقانداق نەرسىگە «ئىككىلىك» (ئالا كۆڭۈللۈك) نەزىرى بىلەن قارىمىغاي. ھەركىم ھەرقانداق نەرسىگە راستچىللىق نەزىرىدە قارايدىكەن، باشقىلار ھەم ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلاردا بولمايدۇ.

— ئەي ئوغۇل، ئەگەر كىشى راستچىللىق بىلەن سۇ يۈزىگە قەدەم قويسا، سۇ ئۇنىڭ قەدىمى ئاستىدا قاتتىق بىلىنىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بۇ توغرىدا ساڭا باشقىلار ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرىدىن سۆز ئاچسا، گەرچە بولۇنغان شۇ سۆزلەر ئەقىل يوسۇنىدىن تاشقىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەقىقەت ۋە راست دەپ بىلسەڭ ۋە تونىساڭ، ئىنكار قىلما. ھەتتا ئىشەن. چۈنكى راستچىللىق، تەسىرىي جەھەتتىن ئەقىل بىلەن ۋەيا كى ئۆزىنى بىرەر كۈلپەتكە سېلىش يولى بىلەن كۆڭۈلدە توختىتىۋالغىلى بولىدىغان، يەنى كۆزگە كۆرۈنىدىغان، قول بىلەن تۇتقىلى ياكى كەسىپ قىلىپ ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكى ئورنى پەقەت خۇدايىتائالانىڭ مەرھەمىتى، ئىنايىتى بىلەندۇر. شۇڭا دەرۋىش بولغۇچى ھەرقانداق نەرسىگە راستچىللىق كۆزى بىلەن قارىغاي. ئىچى بىلەن تېشى، يەنى تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولغاي. كۆڭلىنى «تەۋھىد»لىك پىكرىدىن خالىي تۇتمىغاي ۋە بۇ ھەقتىكى پىكىر - مۇلاھىزىلەردە ئېغىر - بېسىق بولغاي. تەپەككۇر ئوتىدا كۆيۈپ كەتمىگەي، يەنى تولىمۇ ئالدىراقسان بولمىغاي. چۈنكى تەرىقەت ئىگىلىرى تەپەككۇرنى كۆيۈۋاتقان ئوت، دەپ قارايدۇ. ئۇنى ئۆچۈرگىلى ياكى خالىغان بىرىگە بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا غۇربەت، رەقس (ئۇسسۇل) ۋە سامانى شۇ ئوتقا تەسەللىي ئۈچۈن سەۋەب قىلغاندۇر. ئەگەر دەرۋىشلەر شۇ ئۇسسۇل - ساماغا باغلانمىغاندا ئىدى، تەپەككۇر ئوتىدا كۆيۈپ ئاراملىق تاپالمىغان بولاردى.

شەيخ ئەخمىي زەنگانى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سامانى مەنئىي قىلغاندى ۋە: «سامانىڭ ئورنى (ئوت) بولمىغان يەردۇر. يەنى (ئوت) بار يەردە سامانى بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئەللىك كىشى بىر يەرگە جەم بولسا، بۇ قوۋمنىڭ ئارىسىدا بىر كىشىدە (ئوت) بولسا، ئۇ قىرىق توققۇز كىشىنى بۇ بىر كىشى ئۈچۈن تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئوتقا سۇ قۇيسا، تۈتۈن چىقىپ، ئىس - تۈتەك ۋە قاراڭغۇلۇق ھاسىل بولىدۇ ئەمەسمۇ!» دېگەنىدى.

دەرۋىش بولغان كىشى ئۆزىنى ئالدى بىلەن مەيلى ئاشكارا، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، ئەدەب، ئەخلاق، مەرىپەت بىلەن بېزىشى لازىم. دەرۋىش بولغان كىشى ئىبادەتكە ھېرىس،

تىلى ئىبادەتكە باغلانغان، سۆزى يۇمشاق، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق، كىيگەن كىيىملىرى پاكىز بولغاي. سەپەردە لازىملىق ئەسۋابلارنى، مەسىلەن، ھاسا، ئىئرىق، جايناماز، ساقال تارغىقى، يىڭنە ـ يىپ، يەلپۈگۈچ، تىرناق ئالغۇچ قاتارلىقلارنى ھەمىشە ئۆزىگە ھەمراھ قىلغاي. شۇنداق بولغاندا كىيىملىرىنى يۇيماق ۋە تىكمەككە ئوخشاش ئىشلاردا يەنە بىر كىشىگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ھەتتا بۇنداق ئىشلاردا بۇرادەرلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولالايدۇ.

دەرۋىش بولغان كىشى يەنە سەپەر قىلماقنى ئۆزىگە دوست تۇتقاي. خانىقاغا بارسا، باشقىلارنىڭ ئىبادىتىنى چەكلىمىگەي، يەنى يەنە بىر كىشىنىڭ ئىبادىتىنى تەقىب قىلىشتىن ساقلانغاي. ئاۋۋال ئاياغدىن ئۆتۈك پۇتىنى چىقارغاي ۋە خانىقاغا ئوڭ پۇتى بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەي. ھەم ئىمكان بار پەگادا ئولتۇرغاي. قائىدە بويىچە ئىككى رەكەت ناماز ئۆتىگەي. كىرەردە ۋە چىقاردا جامائەتكە سالام قىلغاي. كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدە باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ياخشى ئولتۇرغاي. باشقا بىر جايغا يۆتكەلمەكچى بولسا، ئاستا، سىيلىق مېڭىپ بارغاي. ھەرقاچان تۆھمەتچىلەردىن پەرھىز قىلغاي. جامائەتكە سۆز قىلىش توغرا كەلسە، ئىمكان بار قىسقا، ئىخچام سۆزلىگەي. ئىززەت ـ ھۆرمەت تاپاي دېسە، زور بىلەن باشقىلارنىڭ سۆھبىتىنى ئىزدىمىگەي. ئەمما باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغاي. چۈنكى جامائەت ئارىسىدا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماق پەرزدۇر. يەنە بىرى، دەرۋىش بولغان ئادەم جەمئىيەتنىڭ ـــ خەلقنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەي. ھەمىشە تۆۋە ـ ئىستىغپار بىلەن بولغاي. باشقىلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە سەۋر قىلغاي. كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىر ئالمىغاي. ھەرقاچان جايناماز ئۈستىدىن كەم غايىب بولغاي. ئىشى بولمىسىمۇ، قەستەن بازارغا بارىدىغان ئىشنى قىلمىغاي. جايناماز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرمىغاي. قوۋمدىن ئوغرىلىقچە مال ـ دۇنيا يىغمىغاي. تائامنى جامائەتتىن پىنھان (يوشۇرۇن) يېمىگەي. ھەتتا بىر تال بادامچىلىك نەرسە بولسىمۇ! ھېچقانداق نەرسىنى يامان نام بىلەن ئاتىمىغاي. ناۋادا شۇ نەرسە قوۋم ئىچىدە شۇنداق يامان نام بىلەن ئاتالغان بولسا، ئۇ ھالدا جايىزدۇر. جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغاندا تايىنىپ ياكى بىرەر نەرسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرمىغاي. كىشىنىڭ جاينامىزى ئۈستىگە ئاياغ قويمىغاي. جامائەتنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرمىگەي ۋە كىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىغاي. كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزمىگەي. ۋاقتىكى، سامائ قىلماقچى ياكى ياقا يىرتماقچى بولسا، تاكى بىرسى دەۋەت قىلماي تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرمىغاي ۋە ئارتۇقچە سۆز قىلمىغاي. بىھۇدە ۋە تەنھا ئۇسسۇلغا چۈشمىگەي. ناۋادا ياقا يىرتىپ ئۈستىدىكى كىيىمىنى سالغان بولسا، ئۇ يىرتىق كىيىمنى باشقا بىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويمىغاي. ئەگەر بىرەر دەرۋىش كېلىپ ئۇنى ماختىسا، ماختىغىنىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئۇ دەرۋىشنىڭ ئالدىغا بىرەر نەرسە قويغاي. ئەگەر دەرۋىش ئۇنىڭغا خىرقە (دەرۋىشلەرنىڭ ئۈستى كىيىمى) بەرسە، يەنى سوۋغا قىلسا، «ئالمايمەن» دېمىگەي. ھېچ بولمىسا قولىغا ئېلىپ ئۆزرە ئېيتىپ، ئاندىن قايتۇرۇپ بەرگەي. ئالدى بىلەن ئۆزى ئىنساپلىق بولغاي. ئەمما ھېچ كىشىدىن ئىنساپ تىلىمىگەي. ئاڭلىشىمچە، ئىنساپ بىلەن ئۆزىنى پاكىزە تۇتماق ئاۋۋال پارس دىيارىدا پەيدا بولغانىكەن. پارس خەلقى باشقىلار ئۈچۈن ئىنساپ تىلەيدىكەن. ئەمما باشقىلاردىن ئۆزى ئۈچۈن ئىنساپ تەلەپ قىلمايدىكەن. خۇراسان خەلقى ئۆزى ھەم باشقىلار ئۈچۈن ئىنساپ تىلەيدىكەن.

دەرۋىش بولغان كىشى يەنە باشقىلارنىڭ سىر ـ مەخپىيەتلىكلىرىنى ياخشى ساقلى-

غاي. ئېغىر - بېسىقلىقنى ئۆزىگە لازىم تۇتقاي. ھەر ئىشتا ئېغىر - بېسىق بولغاي. تائام ۋاقتىدا، يەنى تائام تارتىلغان ياكى تائام يەيدىغان ۋاقىتتا سەۋەبسىز غايىب بولمىغاي. بولمىسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ساقلاپ قالىدۇ. يەنە تائامغا باشقىلاردىن ئىلگىرى قول ئۇزاتمىغاي ھەم باشقىلاردىن ئىلگىرى قول يىغمىغاي. ئۆز نېسىۋىسىنى كىشىلەرگە قوۋمىنىڭ ئىتتىپاقى ۋە رۇخسىتى بويىچە تارتۇق قىلغاي. ئەگەر تائام يېمەيدىغان ئۆزرى بولسا، ئۆزرىنى داستىخان سالماستىن ئىلگىرى ئېيتقاي. ئەگەر روزا تۇتقان بولسا، داستىخان سېلىنغاندا روزا تۇتقىنىنى ئىزھار (داۋراڭ) قىلماستىنلا ئېپتار قىلغاي. تەرەت ئالۇردا ھەم تولا داۋراڭ قىلمىغاي ھەم بىپەرۋالىق قىلمىغاي. تەرەت ئىگىنىنى قىسقىراق كىيگەي. تەرەتتىن كېيىن ھۆل ئاياغ بىلەن جايىنامازغا چىقمىغاي ھەم ھۆل ئاياغ كىيمىگەي!

مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ شەرتلىرى ۋە سوپىلىقنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى ئۈشبۇ ئىدى، بايان قىلدىم. ئەمدى سوپىلارنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئەدەپ - قائىدىلىرى ئۈستىدە توختىلىمەن.

سوپىلارغا بولغان ئەدەپ - قائىدە شۇكى، ھەر كىم ئالدى بىلەن سوپىلارنىڭ تەرىتىنى ئىنكار قىلمىغاي. يەنى سوپىلارنىڭ تەرىتىگە گۇمانلىق قارىمىغاي. سوپىلارنىڭ تۆرق - ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنىسىنى سورىمىغاي ۋە سوپىلارنىڭ ئەيىبىنى «ھۈنەر» دەپ بىلگەي ۋە ئۇلارنىڭ سىرىنى ھېچ كىشىگە ئېيتمىغاي. ياخشى ئىشلىرىغا شۈكرى قىلغاي. يامان ياكى ماقۇل كەلمەيدىغان، يەنى كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ياكى كۆزگە سىغمايدىغان ئىشلىرىغا قارىتا تۆۋە قىلىش بىلەن كۈپايە قىلغاي. سوپىلار بىلەن بىللە بولغاندا كىيىملىرىنى پاكىزە تۇتقاي ۋە ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرۇپ قوپقاي. تولا كۈلمىگەي ۋە تولا ئېغىرلىق ھەم قىلمىغاي. ناۋادا تاتلىق تۇرۇم - تائام تاپسا، سوپىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ:«ئاز بولسىمۇ سىزلەر بىلەن بىللە يېگىلى ئېلىپ كەلدىم» دەپ ئۆزرە قويغاي. قاچانكى مۇشۇنداق بولساڭ ۋە مەن دېگەندەك قىلساڭ، تامام دوست - بۇرادەرلىرىڭ ئارىسىدا مەردلىك، سېخىيلىق ۋە راستلىقنى بەجا كەلتۈرگەن بولىسەن.

— ئەي ئوغۇل، تىرىش، ھەرقانداق ئىشتا كۆپرەك ئىزدەن. ئەگەر مەرد، سېخىيلىق يولىغا كىرسەڭ، ھەممە ئادەم ساڭا كۆز تىكىدىغان بولىدۇ. شۇڭا ئىمكانىيىتىڭنىڭ بارىچە ئۈچ ئىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا:

بىرى، كۆرۈشكە بولمايدىغان نەرسىگە كۆز سالما؛ ئىككىنچى، تۇتۇشقا بولمايدىغان نەرسىدىن قولۇڭنى تارت؛ ئۈچىنچى، دېمەسلىككە تېگىشلىك سۆزدىن تىلىڭنى يىغ.

ئۈچ نەرسىنى دوست - دۈشمەنگە ئوچۇق تۇت:

بىرى، ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكى، بىرى، داستىخان، يەنە بىرى ھەميانىڭنىڭ ئاغزى.

ئەمما، ھەرقاچان يالغان ئېيتمىغىن. چۈنكى بارلىق نامەردلىكنىڭ ئەسلى، يەنى مەنبەئى يالغان ئېيتماقتۇر. ئەگەر بىرسى سېنىڭ مەرد ۋە سېخىيلىقىڭغا ئىشەنسىلا، مەيلى ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ بولسۇن، مەيلى زور دۈشمىنىڭ بولسۇن، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنى ساڭا ئاتايدۇ. ھامان ئۆزىنىڭ سەندىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىغا قايىل بولىدۇ. ھەقىقەتەن، كىمكى سېنىڭ مەرد ۋە سېخىي ئىكەنلىكىڭگە چىن دىلىدىن قايىل بولىدىكەن، سەن ھەم ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئۈچۈن بارلىقىڭنى پىدا قىل. پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەت. ياردەمدە بول. شۇندىلا مەردلىك، سېخىيلىقىڭنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزگەن بولىسەن. ئەمما ئىلگىرىكى يامانلىقلىرىڭنىڭ ئىنتىقامىنى

ئېلىش كويىدا بولما. خىيانەت قىلىش خىيالىدا ھەم بولما. خىيانەت قىلىش ــ مەردلىك، سېخىيلىق جۈملىسىدىن ئەمەستۇر.

ــ بىلگىل، ئەي ئوغۇل، بۇ توغرىدا سۆز كۆپ ئىدى. ھەر تائىپەنىڭ مەردلىك، سېخىيلىققا دائىر سۈپەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلسام گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا سۆزنى قىسقىلا قىلدىم. نېمىدېگەن بولسام، ئۇنى شەرھىيلەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. مەردلىك، سېخىيلىق جۈملىسىدىن يەنە شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق نەرسە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈڭنىڭكىنى، يەنى ئۆزۈڭگە تەۋە نەرسىلەرنى ئۆزۈمنىڭ دەپ بىل. ئۆزگىدىن، يەنى باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىدىن تەمەيىڭنى ئۈز. كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە قارىتا ھەرگىزمۇ تەمە قىلغۇچى بولۇپ قالما. ئەگەر قول ئىلكىڭدە بىرەر نەرسە بولسا، باشقىلارغا ھەم ئۇنىڭدىن نېسىۋە بەرگىن. ئەمما خەلقتىن تەمە تۇتما. بېرىش ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، مەيلى، لېكىن ئالماقنىڭ، يەنى ئېلىۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرمە. ناۋادا خەلققە ياخشىلىق قىلالمىساڭ ياكى ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە، ئامال يوق. لېكىن ھەرقاچان خەلققە يامانلىق قىلىشتىن يىراق تۇر. مەن ئېيتقاندەك تىرىكچىلىك قىلغان كىشى دەل بۇ ئالەمدە ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە ھەممىدىن مەرد، سېخىي كىشىدۇر. دۇنيا ھەم ئاخىرەت شۇ كىشىگە نېسىپ بولغاي!

ــ بىلگىل، ئەي ئوغۇل، بۇ كىتابتا نەچچە يەردە قانائەت توغرىسىدا سۆز قىلدىم. يەنە ھەم تەكرار ئېيتاي، ناۋادا تەڭلىككە قالمىساڭلا، قانائەتچان بولغىن. ھەسەت قىلمىغىن. ھەمىشە ئۆزۈڭنى خۇشخۇي تۇتقىن. چۈنكى بارلىق غەم (غەم ـ قايغۇ)نىڭ ئەسلى مەنبەئى ھەسەتتۇر. بىلگىلكى، پەلەكنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى سەۋەبلىك ھەممە ئادەمگە ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ يېتىپ تۇرىدۇ. ئۇستازىم (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي !) دائىم:«ھەممە ئادەم جاھاندارچىلىق يوللىرىدا پەلەكتىن رەنج يەتسە، سەۋر قىلغاي؛ لوقما، يەنى پايدا ـ مەنپەئەت يەتسە، قانائەت قىلغاي !» دەيتتى. ھەقتائالامۇ:«ساڭا نېمە يەتكۈزسەم، مەيلى ياخشىلىق بولسۇن، مەيلى يامانلىق بولسۇن، قوبۇل قىلىپ شۈكرى ئېيتقۇچىلاردىن بول» دەپ پەرمان قىلغانىدى.

پەلەكنىڭ تەسىرى بۇ ئىككى ئىشتىن ــ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن خالىي ئەمەس. ۋاقتىكى، سەن بۇ تەرىقىدە يول تۇتۇپ قانائەتنى كەسىپ قىلساڭ، سېنىڭ بۇ ئازادە بەدىنىڭ ھېچ كىشىگە بەندە (قۇل) بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭدە «تەمە»گە يول بەرمىگىن. بېشىڭغا مەيلى ياخشىلىق كەلسۇن، مەيلى يامانلىق كەلسۇن، رازى بول. شۇنى بىلگىنكى، ئادەم ئەۋلادى مەيلى قايسى تائىپەدىن بولسۇن، ھەممىسى پاك ئاللاھتائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە قايىلدۇر. پەرزەنتى ئادەمنىڭ بىر ـ بىرىدىن كەم ـ ئارتۇق (باي ـ كەمبەغەل)، كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولمىقى تەمەنىڭ ۋە ھاجەتمەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. قاچانكى، كىشى «تەمە»نى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىدىكەن، ئىككىلا جاھاندا بىھاجەت بولىدۇ. ھېچكىشىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان ئادەم ــ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدۇر. ئەكسىچە تەمەگەر ۋە ھاجەتمەن ئادەم ــ ئەڭ خار كىشىدۇر.

بىلىشىڭ كېرەككى، بەزى كىشىلەر «تەمە»نىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىرىگە بەندە (قۇل) قىلىپ قويىدۇ.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، شەيخ شەبلى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ بولۇپ، بىرەر سائەت ئارام ئالاي، دەپ ئولتۇردى. ئۇ مەسچىت ھەم مەكتەپخانا ئىدى. ئوقۇشقا بالىلارنىڭ تاماق يەيدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. بالىلار نان يەپ ئولتۇراتتى. ئىككى گۆدەك شەيخ شەبلىگە يېقىنراق جايدا ئولتۇرغان بولۇپ، بىرى دۇنيادار (باي)نىڭ ئوغلى، يەنە بىرى نامرات (كەمبەغەل)نىڭ ئوغلى ئىدى. باينىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىدىكى تاۋاق ئىچىدە ھالۋا بار ئىدى. كەمبەغەلنىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىدا بىر پارچە قۇرۇق نان بار ئىدى. كەمبەغەلنىڭ ئوغلى باينىڭ ئوغلىدىن ھالۋا تىلىدى. باينىڭ ئوغلى:

— ئەگەر مەن ساڭا بىر پارچە ھالۋا بەرسەم، مېنىڭ ئىتىم بولامسەن؟ — دېدى.

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى:

— ئەگەر ماڭا ھالۋا بەرسىڭىز، مەن سىزگە ئىت بولاي، — دېدى.

باينىڭ ئوغلى:

— ئەگەر مېنىڭ ئىتىم بولساڭ، ئىتقا ئوخشاش قاۋا، — دېدى.

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى شۇ زامان ئىتقا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ قاۋىدى. باينىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا بىر پارچە ھالۋا بەردى.

شەيخ شەبلى بۇ بالىلارغا قاراپ ئولتۇرغانىدى، بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. باشقىلار شەيختىن:

— ئەي شەيخ، نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى. شەيخ دېدىكى:

— ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ خالايىقنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار يەتمەيدۇ!؟ ناۋادا شۇ بالا ئالدىدىكى قۇرۇق نانغا قانائەت قىلغان بولسا ئىدى، ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر بالىغا ئىت بولماسىدى.

بەس، مەيلى زاھىد (شەيخ) بول ياكى پاسىق بول، ھەرقاچان قانائەتلىك بولغىن ۋە كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللان. تا ھەر ئىككى جاھاندا ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە پاك تەبىئەت ئاتىلىسەن.

— بىلگىل، ئەي ئوغۇل، مەن بۇ كىتابنى قىرىق تۆت باب قىلىپ، ھەر بابتا ئاڭلىغان ۋە بىلگەن ھېكمەت ۋە مەنىلەرنى مىسال قىلىپ، قولۇمدىن كەلگىنىچە ۋە تەبىئىتىم يار بەرگىنىچە ساڭا بايان قىلدىم. ھەر بابتا ساڭا نەسىھەت قىلدىم. بىراق ئەقىل بابىدا ۋە ئىلىم توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. ساڭا زور بىلەن، يەنى مەجبۇرىي ھالدا — زۇلۇم ئىچىدە ئاقىل بول دېيەلمەيمەن. چۈنكى دانىشمەنلىكنى، يەنى بىلىمنى زۇلۇم – سىتەم بىلەن ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. بىلگىنكى، ئەقىل ئىككى قىسىم بولىدۇ:

بىرى، «ئەقلى ئەزىزى»دۇر، يەنى ئادەمدە تەبىئىي بولىدىغان تۇغما ئەقىل. ئۇنى كەسىپ قىلىپ ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى، «ئەقلى مەكتەب»تۇر. ئۇ كەسىپ قىلىپ ئۆگىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ. «ئەقلى ئەزىزى» خىرەد، يەنى ئەقىل، زېھىن دەپ ئاتىلىدۇ. «ئەقلى مەكتەب» دانىش، يەنى بىلىم دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقاچان «ئەقلى مەكتەب»نى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. «ئەقلى ئەزىزى» بولسا، خۇدايىتائالانىڭ ئاتاسى (مەرھەمىتى)دۇر. شۇڭا ئۇنى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، «ئەقلى ئەزىزى»نى خۇدايىتائالا ساڭا بەرگەنىكەن، «ئەقلى مەكتەب»نى رىيازەت ۋە مۇشەققەت بىلەن بولسىمۇ ئۆگىنىپ، «ئەقلى ئەزىزى»گە ھەمراھ قىل. تا ئىككى ئەقىل بىلەن كامال تېپىپ جاھاننىڭ دانالىرىدىن بولغايسەن. ناۋادا سەندە «ئەقلى ئەزىزى» (تۇغما ئەقىل، تۇغما قابىلىيەت) بولمىغان تەقدىردىمۇ، «ئەقلى مەكتەب»نى ئۆگىنىشتىن باش تارتما. قانچىلىك ئىمكانىيىتىڭ بولسا، شۇنچىلىك ئۆگەن. گەرچە ئەقىللىقلەر جۇملىسىدىن بولالمىساڭمۇ، ھېچ بولمىغاندا جاھىل (نادان)لاردىن بولۇپ قالمايسەن. چۈنكى ھېچنېمە بىلمىگەندىن بىرنى بولسىمۇ بىلگەن ياخشىدۇر. «ئاتا بولالمىساڭ، ئانا بولغىن» دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ ! ؟ قاچانكى دانا بولماقنى خاھىش قىلساڭ، ھېكمەت ئۆگەنگىن. ئەقىلنى ھېكمەت ئارقىلىقمۇ تاپقىلى بولىدۇ.

بىرى ئەرىستايىشتىن سورىدى:

— ئەقىلنىڭ قۇۋۋىتى نېمە ئارقىلىق بولىدۇ؟

دېدىكى:

— ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى غىزا بىلەن بولىدۇ. ئەقىلنىڭ غىزاسى (قۇۋۋىتى) ھېكمەتتۇر.

— ئەمدى بىلگىل، ئەي ئوغۇل، ھەممە نەرسىنى مېنىڭ ئادىتىم، بىلگىنىم ۋە ماقۇل كۆرۈپ خالىغىنىم بويىچە جەمئىي قىلىپ، سەن ئۈچۈن بىر كىتاب قىلدىم. ھەر ئىلىمدىن، ھەر ھۈنەردىن ۋە ھەر كەسىپتىن مىسال كەلتۈردۈم. بۇ كىتابنى يەگىرمە پەسىل، قىرىق تۆت باب بويىچە تامام قىلدىم. تا يىگىتلىكىمدىن ياشانغانغا قەدەر خاتىرە پۈتۈش ئادىتىم ئىدى. يەتمىش ئۈچ ياشتا ئىدىم. تارىخقا تۆت يۈز ئەللىك بەش ئىدى. بۇ كىتابنى جەمئىي قىلىپ تامامىغا يەتكۈزدۈم. مۇندىن كېيىن ھەم خۇدايىتائالا ئۆمۈر بەرسە، ئۇشبۇ ئادەت بىلەن بولغۇمدۇر. بەس، ھەر نېمىنى ئۆزۈمگە ماقۇل كۆردۈم، ساڭا ھەم شۇنى ماقۇل كۆردۈم. ناۋادا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆپەتلەر ۋە ئادەتلەرنى بىلسەڭ، شۇنى ماقۇل كۆر. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى تاپالمىساڭ، مېنىڭ بۇ پەندۇ نەسىھەتلىرىمنى كۆڭلۈڭنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئەمەلدە كۆرسەتكىن. ئەگەر سەن ئاڭلىمىساڭ ۋە قوبۇل قىلمىساڭ، خۇدايىتائالا سائادەتمەن ۋە بەختلىك ياراتقان يەنە بىرى ئاڭلايدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. ھەم ئاڭلىغان ۋە قوبۇل قىلغانلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ. بىراۋنىڭ پەند - نەسىھىتىنى ئاڭلىغان كىشىنى ھەرقاچان سائادەتمەن بىلگىن.

بۇ كىتابتا دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئىككىلا ئالەمدىكى سائادەتمەنلىكنىڭ ئالامىتى ۋە نىشانىسىدۇر.

ھەزرىتى ھەقتائالا ماڭا ۋە ساڭا، تۈركىي قىلغۇچىغا ۋە پۈتكۈچىگە، ئوقۇغۇچىغا ۋە ساھىبى كىتابقا ۋە ئىشتكۈچىلەرگە رەھمەت قىلغاي !

تارىخنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى، شەۋۋال ئېيىنىڭ پەيشەنبە كۈنى تامامىغا يەتتى.

(توگىدى)

(ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، دوتسېنت)




نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئەمىن

.............

ئەگەر ئاداب قىلساڭ ئەي سەرەفراز،
كى ئىززەتدە بولۇرسەن قىش ئىلە ياز.
پەيغەمبەرلەر بولۇر ئولدەم مەدەدكار،
ئەزىزلەرنىڭ بارى بولغاي خەرىدار.
ئەدەبلىغ كىمسەغە بولسە دىل ئاگاھ،
ھەقىقەتدە، تەرىقەتدە تاپار راھ.
ئەدەبسىز ھېچبىر ئىش بىتكەنى يوق،
كىشى مەقسۇدى سارى يەتكەنى يوق.
ئەدەب بازارىغە كىرسەڭ بىكبار،
كى سەن ئاداب سارى بول خەرىدار،
ئەدەبنى قولغە چۈنكىم كەلتۈرۈرسەن،
تەمامى ئىلمدىن بەھرە ئالۇرسەن.
ئەدەب بولسا سىنى ئەۋۋەل سوراغىڭ،
جەمئ ئىلم ئىلە تولغاي قۇلاغىڭ.
كى ئاقىلسەن ھەمىشە با ئەدەب بول،
خەبەردار بول ھەمىشە بۇ ئۇلۇغ يول.
بەرادەرلەر بۇ يولدا بولساڭ ئاگاھ،
ئۆزى بەرمەسە ئاندا سەر بولۇر راھ.
①

....................

① بۇ يەردە يېرىم بەت، 18 مىسرا شېئىر كۆيۈپ يوقالغان.

*  *

①................

بەرادەر ئاچ كۆزۈڭ كىملەر ئۆتۈپدۇر،
شەھەنشاھلار بارىپ يەردە ياتىپدۇر.
ئايا ئادەم، نەزەر قىلغىل ئۆزۈڭگە،
تەنىڭدە جان، قۇلاق سالغىل سۆزۈمگە.
كەمىنە موللا ئەھمەد ھەم كېتەدۇر،
بارىپ يەر قوينىدە بىر كۈن ياتادۇر.
يا ئىلاھا، خەستەۋۇ بىچارەدۇرمەن،
كىم ئىسيان دەشتىدە ئاۋارەدۇرمەن.
كى ئۆمرۈم بىھۇدە سەرف ئەيلەدىممەن،
كۆڭۈلنى گىنەگە زەرف ئەيلەدىممەن.
بار ئۈمىدىمكى بىر ئاتىڭ رەھىمدۇر،
رەھىمۇ ھەم غەفۇرۇ ھەم كەرىمدۇر.
نە بولغاي ھالىم، ئەي پەرۋەردىگارا،
بولۇر چاغىدە قىيامەت ئاشكارا.
بۇ دۇنياۋۇ ئۇ دۇنيادا خۇدايا،
ماڭا قىل نۇرى ئىمانىمنى ھەمرا.
ھەر گىياھىكى ئەززەمىن رۇيىدە،
ۋەھدەھۇ لەشەرىكە راكۇ يىدە.
(ھەر گىياھىكى يەردىن ئۈنسە ئەگەر،
ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ ئېيتار.)
②................

*  *

كەل ئەي راۋىكى قىل تۇتدىن ھېكايەت،
خۇدا بەرگەن ئاڭا بۇيلە لەتافەت.
كى مىيۋەسى ھەمەجانغە بەرابەر،
كۆرۈپدۇرسەن بۇ سۆزغە ئەيلە باۋەر.

---

① گەسەرنىڭ بېشىدىن تۆت بەت كەم.
② بىرىم بەت كۆيگەن.

يەنە تەۋسىف قىلسام تۇتنى ①سەۋابىن،
كى ئىككەن ② كۆرمەگەي دەۋزەخ ئەزابىن.
كى مىلك تەنگە خۇدايى ③قىلغانىڭدىن،
زىيادە ئۇلغۇسى ئىنسافلىق ئوغۇلدىن.
كى ئېھسان قىلساڭىز ئەندەك غەرەز بار،
تۇت ئىككەندە غەرەز يوقتۇر ئايا يار.
كىشى ئىكسە ئۈتەر يول ئۈستىدە تۇت،
يۈزىن ئۆپۈپ، قولىن ئۇشلاپ خىزىر تۇت.
مىۋەلەرنىڭ سېخىسى تۇت ئىكەندۇر،
دەرەختلەرنى سوراساڭ بىتىكەندۇر.
كى تۇت ئايدى: كۆرۈپسەن ئۇشبۇ ئەسرار،
قۇرۇق بەرگۇ تەنىمدىن مىۋەلەر با.
ھەمە مىۋەدىن ئەۋۋەل پىشتىم ئالان،
شەمال كەلسە قىلۇر يەر بىرلە يەكسان.
مۇھەببەت بىرلە ھەركىم تۇت ئىكەدۇر،
گۇمانسىز مەقسەدىغە ئول يېتەدۇر.
........................④

دەپ، تۇت ئۆز ـ ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىزلا گىلاس پەيدا بولدى ۋە ئالا ـ سېرىق بولۇپ ئۆڭگىنىچە ۋارقىراپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

گىلاس ئايدى زەبانى ھال بىرلەن،
مېنى خەلق ئەيلەدىڭ ئەي ھەقۇمەننان.
مېنىڭ شەربەتلەرىم ھېچكىمدە بولماس،
ھەۋەس كەلگەن كىشى ماڭا يېتەلمەس.
مەنى دانەلەرىم ياقۇتكە ئوخشار،
ماڭا يەتمەي نەچەلەر زار يىغلار.
مېنى خەلق ئەيلەگەن كىمدۇر قىل ئىدراك،
مېنى ھەركىم يېسە بولغاي تەنى پاك.
بەرادەر ئاچ كۆزۈڭنى ئەيلەگىل پاس،
ئەگەر يېسەڭ بېشارەتتۇر باخەلاس.

---

①تۇت — ئۈژمە، جۈجەم.
② ئىككەن — تىككەن.
③ خۇدايى — سەدىقە.
④ كۆيگەن.

قىزىل رەڭگىم سەرىغ بولدى سېنى دەپ،
مۇھەممەد ئۇممەتى بولسا يېسۇن دەپ.
قارا گىلاس، سەرىغ گىلاس تاپۇشتى،
يەنە «ھارمالىڭ» ① دەبان ھالىن سوراشتى.
سەرىغ گىلاس قولىن ئاچتى ئۇشول ئان:
«مەنى ئىلگەرى قىلغىل پاك يەزدان».

ئەلقىسسە، گىلاسلار بىر - بىرى بىلەن ھال ئەھۋال سورىشىپ، ھېچ مېۋىنى ئۆزلىرىگە بەرابەر كۆرمەي، مەنمەنلىك بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز باغنىڭ بىر تەرىپىدىن ئۆرۈك ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— ھاي - ھاي گىلاس، ئۆز ھالىڭغا بېقىپراق سۆزلىسەڭ قانداق؟ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ مەن كىمدۇرمەن؟ بىلمىسەڭ بىلىۋالغىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، ئۆرۈك دېگەن ئاكاڭ مەن بولىمەن. ھەر كىم مېنى يېسە ئىچىدە ماماقالدىراق پەيدا بولىدۇ، دېگىنىچە بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئۆرۈك ئايدى زەبانى ھال بىرلەن،
گۇناھىمنى كەچۈر ئەي پاك يەزدان.
ئۆرۈك ئاتىم ئېرۇر ئەزىز ھەمىشە،
تامى قىلغايلار ئەمما يازۇ قىشتە.
مەنى بىلمىسەڭ ھەمە يەزدە بىتەرمەن
كى تاغلار تۆپەسىدە كۆگەرەرمەن
مەنى يېسە كىشى بولغاي قۇۋۋەتلىك
يەنە ئەل ئىچىدە ھاتەم سۇفەتلىك.
ئۆرۈك ئاتىمنى ھەر كىمكى ئىشتە،
بولۇر خۇرسەند كىشى نامىم ئىشتسە.
كى ھەر ياندىن ماڭا تاشلار ئاتارلەر،
كى باغبانلار مېنى ھەريان ساتارلار.
دانىمنى ئالماق ئۈچۈن ماڭا ئەي يار،
تاياقنى باشىمە كۆپتىن ئۇرارلار.
ئۆرۈك ئەيدىكى: مەن رەئناسىدۇرمەن،
ھەمە مىۋەلەرنىڭ ئەئلاسىدۇرمەن.

---

① بۇ سۆز قوليازمىدا «خوارمانک» دەپ يېزىلغان.

دەپ لاپ ئۇرۇپ تۇراتتى. باغنىڭ بىر تەرىپىدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى. ئۆرۈك بىر سەسكىنىپ، ئۇيان - بۇيان قارىدى. كۆردىكى، ئالخورى كېلىۋاتقان، دەرھال قول قوشتۇرۇپ سالام قىلدى. ئالخورى جاۋاب سالام بەرگەندىن كېيىن دېدىكى:

—ئەي ئۆرۈك، نېمە دېمەكچىسەن؟ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ باھادىرلىقتا يەككە ۋە تەنھادۇرمەن. ئەگەر بىر مۇشت ئاتىدىغان بولسام ھالىڭ ئۆزگىچە بولىدۇ. ئەگەر يەرگە ئۇرسام پارە - پارە قىلىۋېتىمەن، دەپ ھەيۋە قىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

دېدى ئالخورى،مەن كۆپدىن غەيۇرمەن،
تەمامى مىۋەنى باسىپ كېلۇرمەن.
مەنى قىلسا مۇرابىبا نان خۇرۇشى،
ماڭا كىم تەڭ كېلۇر قىلسام ئۇرۇشى.
مۇھەببەت بىرلە ئىكسەكىم بىر ئادەم،
يەنە سۇ بەرسەلەر ئانده دەمادەم.
كۆكەرىپ مېۋە ئەيلەرمەن ئۇشول ھال،
مەنى سۈزۈمغە ئەندەككىم قۇلاق سال.
ئايا ئادەم ئوغلى ئەيلەسەڭ كۇش،
كىم ئۇچۇن خەلق قىلدى ئۇيلە باھۇش.
كەرەم قىلدى مۇھەممەد ئۇممەتىغە،
شۇكر قىلغىل ئانىڭ نېئمەتلەرىغە.
مەنى ھەركىم يېسە ئاچقىل يولىنى،
يەنە مەقسەدىغە يەتكۈزگىل ئۆزىنى.
مەنى ناردانلىغىم ئالەمدە يوقتۇر،
يەنە يېگەن كىشىنىڭ قارنى توقتۇر.

مەن كېسەللەرگە شىپالىق دورا بولىمەن، دەپ ماختىنىۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى، چاچراپ كەينىگە قارىسا، شاپتۇلا قىيا - چىيا قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. دەرھال سالام بەردى. جاۋاب سالامدىن كېيىن شاپتۇلا: ئەي ئالخورى، بۇ قەدەر بىھۇدە لاپلارنى ئۇرمىغىن. ھەر كىم ئۆز ھەددىنى بىلمىسە ئاخىرى خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ. مېنى تونۇمسەن؟ «ھەزمى تائام شاپتۇلا» دېگەن مەن بولىمەن، دېدى ۋە مۇنداق دېدى:

ھەمە شەفتالۇكىم دەردىنىڭ داۋاسى،
شىفانى بىرەدۇركەن مۇلك ئىگەسى.
دېدى شەفتالۇ زەبانى ھال بىرلەن،
مېنى ھەركىم يېسە ئەي پاك يەزدان،

غۇبارىن مەھۋ ئەيلەگىل بەدەندىن،
مېنى مەۋجۇد قىلدىڭ يوق ئەدەمدىن.
مېنى كىمسە ئىكىپدۇر باغ ئىچىندە،
قىزىل يۇزلۇك قىل ئانى ئەل ئىچىندە.
ھەمە دەردكە داۋا قىلغىل ئۇرۇغىم،
سەبەب قىلغىل ھۆلۇم بىرلە قۇرۇغىم.
كىشى شەفتالۇ دەپ ئاتىم ئىشتسە،
مەنى باغچە ئىچىندە خوپ پىشۇرسە.
سەرتان ۋەقتىدە گەر قىلسە قاقى،
مۇھەببەت بىرلە گەر يېسەلەر ئانى،
كى ھەر تۇرلۇك كەسەلغە دارۇدۇرمەن،
مۇھەببەتلىك كىشىغە ياردۇرمەن.
مەنى شەربەتلەرىم ھەزمى تەئامدۇر،
داۋانى بەرگۇچى شافى خۇدادۇر.

ئەلقىسسە: شاپتۇلا ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، مەن ھەم يازدا، ھەم قىشتا ئادەمىزادقا تىنوخ دۇرمەن دەپ ماختىنىۋاتاتتى. ئۈزۈم بىر تەرەپتىن يېتىپ كەلدى ۋە سالامدىن كېيىن دېدىكى: ئەي شاپتۇلا، مېنى تونۇمسەن؟ مېنىڭ ئېتىمنى تاك دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر قويۇپ بەرسە مەغرىپتىن مەشرققە يېتىپ بارىمەن، دېدى ۋە تۆۋەندىكى سۆزنى ئېيتتى:

كەل ئەي راۋى ئۈزۈمدىن سۆزلە بارى،
زەبانىڭگە خۇدايىم بولسە يارى.
ئەرەبلەرنىڭ زەبانىدە ئىنەبتۇر،
تاك ئىككەننى سەخىيلەردىن ساناپتۇر.
ئۈزۈم ئەئلاسىنى سورساڭ ئايا يار،
چەلەكىدۇر سۆزۈمغە ئەيلە باۋەر.
ھەممە ئۈزۈمدىن ئەۋۋەل پىشار ئەي جان،
خۇدا پەزلى بىلەن يەردە كۆكەرگەن.
ھەمەل كەلسە يازىلۇر بەرگى ئولدەم،
خۇدانىڭ سۇنئىغە ھېچ ئۇرمىغىل دەم.
ئۈزۈم ئايدى، زەبانى ھال بىرلەن،
«مېنى خەلق ئەيلەدىڭ ئەي پاك يەزدان.
ياراتتىڭ مېنى ئۈزۈڭ خاھىشىڭچە،

مېنى ئېكىپ ئاتىمنى قويسە باغچە.
ئاڭا سەن تۆرت كەرامەتنى نەسىب ئەت،
كى ئاندە ۋەسل دىدارىڭ نەسىب ئەت.
بىرى ئەل ئىچرە بەرگىل ئىززەت ئاڭا،
ئۇشۇل رەۋزىدە قىلغىل رەھمەت ئاڭا.
شەكەر ئەنكۈر دېدى، مەن خوپ ئۈزۈممەن،
ئۈزۈملەر ئورتاسىدا يالغۇزىمەن.
كى جەننەتتىن چىقىپتۇ شەكەر ئەنكۈر،
كى باغبان بولساڭ ئەلبەتتە ئېكەكۆر.
ھەسەن بىرلە ھۈسەين ئىككى بەرادەر،
مۇھەممەدغە ئىككى سەيدۇر بەرابەر.

ئەلقىسسە، ئۈزۈم ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە تەۋسىف قىلىپ ماختىنىۋاتاتتى. باغ-نىڭ بىر تەرىپىدىن ئالما دومۇلغىنىچە يېتىپ كەلدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ: ئەي ئۈ-زۈم، ھالىڭغا بېقىپ سۆزلە. مېنى تونۇپ قوي، مېنى ئالما دېيىشىدۇ. قەيەردە بايۋەچچە بولسا، شۇنىڭ قولىدا مەن بار. جەمئىي مېۋىلەر ئىچىدە يۈزۈم قىزىل، سۆزۈم ئۆتكۈر-دۇر. ھەركىمنىڭ قولىدا بولسام، بارچە خالايىقنىڭ كۆزى مەندە بولىدۇ، دېدى ۋە تۆ-ۋەندىكى سۆزنى ئېيتتى:

دېدى ئالما زەبانى ھال بىرلەن،
نەزەر قىلغىل ماڭا ئەي ھەيبى مەننان.
كەرەم قىلغىل ماڭا ھەر خاسىيەتنى،
ئانىڭ بىرلەن تاپاي ئەل ئىززەتىنى.
خۇدا ئايدى:«ساڭا بەردىم نىشانە،
ئالىپ يۈرسۇن خەلايىق ھەرقەيانە.»
مېنىڭ ئاتىمنى دەرلەر بارچە ئالما،
ئاتىمغە ئىشەنىپ ئارماندا قالما.
مېنى ھەركىم يېسە دەندانى بولۇر تېز،
ھەمە دەردۇ ئەلەملەر كەتكۇسى نېز.
كى ئەي دانا ئۆزۈڭنى ئېيلە ئاگا،
خۇدانىڭ ئىشلارىن كۆرسەڭ تەماشا.
قۇرۇپ تۇرغان يىغاچتىن گۈل چىقارىپ،
قىلىپ مېۋەنى ئانداغ قىزارتىپ.
بېھىشتىدە بولمىغاي مەندەك سەرەفراز،
كىشى ئىلكىدە دايىم ئېيتەمەن راز.

ماڭا رەھىم ئەيلەگىل پەرۋەردىگارا،
مەنى ئىسيانلارىم قىلغىل مۇسەففا.

ئەلقىسسە، ئالما، بايۋەچچىلەرنىڭ قولىدا يۇرسەم، پادىشاھلارغا قەدىرلىك بولسام، دەپ ئۆزىنى غالىبلار قاتارىدا ساناپ ماختىنىۋاتاتتى. قاياقتىندۇر ھاي - ھۇي ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە قولىدا بىر گۇرزىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن ناك يېتىپ كەلدى.

ئالما قورقىنىدىن سالام قىلدى، جاۋاب سالامدىن كېيىن دېدىكى، ئەي ئالما! مېنى تونۇمسەن؟ مېنىڭ ئېتىمنى ناك دەيدۇ. ئەگەر بىرنى سالسام، تاكى قىيامەتكىچە تاياق زەربىمنىڭ ئاچچىقى بەدىنىڭدىن كەتمەيدۇ، دېدى ۋە تەڭرى تائالاغا نالە - زار قىلغىنىچە سۆز باشلىدى:

ئايا ئەي پادىشاھا، ھەيبى ئەكبەر،
سېنىڭ ھۆكمۈڭدە ئېدرۇر بەھر ئىلە بەر.
مېنىڭ قاقى بولۇرغە يوق مەجالىم،
مېنى ئىززەتلىك ئەتكىل يا ئىلاھىم.
مېنىڭ ئاتىمنى خار ئەتمە ئىلاھىم،
ئىككى ئالەمدە سەندۇرسەن پەناھىم...
خۇدا ئۆمر ئەيلەدى ناككا ئۇشولدەم،
سېنى سۆيسۇن كەسەل بولغان ھەر ئادەم.
داۋاسىنى ھەممىشە مەن بېرۇرمەن،
سەھەتلىكغە سېنى سەبەب قىلۇرمەن...
دېدىلەر ناك بىلە نەشۋاتى ئاللاھ،
يەنە ئاتىڭ ئېرۇركىم قۇلھۇۋەللاھ.
مېنى يېگەن سەھەت تاپسۇن ئۇشول ھال،
غۇبارىن مەھۋ قىل ئەي ئالمۇلھال.
ئەگەر ئاتىم ئىشتسە ھەر كىمەرسە،
ھەۋەس بىرلە قولىغە ئولدەم ئالسە.
كى يېسەلەر ھەۋەس بىرلە باخەلاس،
ئانى كۆللى كەسەللەردىن بەر خەلاس.
ئۇشۇل فازىل كىشى يېسە خوراكى،
زىيادە بولغۇسىدۇر ئەقلى پاكى.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ئانادىن ئىشتىڭ: ناك بىلەن نەشپۈت ئۆزلىرىنى شاھلاردەك ھېس قىلىپ، باتۇرلۇقتا ھېچكىمنى ئۆزلىرىگە تەڭ قىلماي سۆزلىشىۋاتاتتى.

قاندا، «ئاگاھ بولۇش! مەن يېتىپ كەلدىم!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئايدىكى، ئەي مۇشتۇمى زورلار! ئانار دېگەن مەندۇرمەن. ئەگەر كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت ئۇرسام ئۆمرۈڭ ئاخىرلىشىدۇ، دېدى ۋە ناكىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ بىر مۇشت ئاتتى. ناكىمۇ بىر مۇشت ئۇردى. بۇ غوۋغانى ئاڭلىغان نەشپۈت كېلىپ ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن جەڭ ئاخىرلاشتى. ئەمما ئانارنىڭ زەربىسى ناكىنىڭ ئىچىدىن مەڭگۈ چىقماي ئورۇن ئالدى. شۇنداق قىلىپ ئانار دېدىكى:

ئانار ئايدى مەنەم جەننەت مېۋەسى،
ئەمەل ئالغۇم كۈندۈز بىرلە كېچەسى.
گۈلۈمنى كۆرسىڭىز ئوتتەك يانادۇر،
ئانى كۆرگەن كىشى ھەيران قالادۇر.
مەنى نەۋدەلەرىم ① تەسمەگە ئوخشار،
مەنى زەربىمنى كۆرگەن زار قاخشار.
ئانار ئاتىم ئەرەبلەر دېدى: رۇممان،
كەسەل يېسە تۈزەلۈر قىلمە گۇمان.
ئانار ئاتىم كىشى قىلسە سەرەفراز،
يەنە ئاتىمنى ھەركىم قىلسە ئەئزاز.
ئاڭا رەھم ئەيلەگىل پەرۋەردىگارا،
ئانىڭ جايىنى ئەت فىردەۋس ئەئلا.
يەنە شەربەتلەرىم جەننەت سۈيىدۇر،
كى ئەھلى ئىلمغە ھەم بىلگۈلۈكتۇر.
ھەمە دانەلەرىم جەۋھەرغە ئوخشار،
يەنە بۇ گۈللەرىم لالەغە ئوخشار.
ھەمە مېۋەلەرنى سۇلتانىدۇرمەن،
ھەكىملەر ئاراسىدا باردۇرمەن.

ئەلقىسسە، ئانار «مەن سۆزلىسەم ئەرزىيدۇ، ماڭا تەڭ كەلگۈدەك مېۋە يوق» دەپ پەخىرلىنىپ سۆزلەۋاتقاندا بىر ياقتىن ئەنجۈر پالاقشىپ يېتىپ كەلدى ۋە: مۇنچە قاملاشمىغان سۆزلەرنى دېمەكتىن مەقسىدىڭ نېمە؟ مېنىڭ ئالدىمدا دورا توغرۇلۇق سۆزلەشكە خىجىل بولمامسەن؟ مەن ھەزرىتى ئادەم ئاتامنىڭ بەدىنىنى يېپىپ، ئۇنىڭغا ئەرزىگۈدەك خىزمەت قىلغانلىقىم سەۋەبىدىن تەگرىم مېنى نۇرغۇن كېسەللەرگە داۋا قىلغان، دېگىنىچە ئەنجۈرخان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

---

① مېنىڭ نوتىلىرىم.

دېدى ئەنجىر زەبانى ھال بىرلەن،
ياراتقان سەن مېنى ئەي پاك يەزدان.
مېنى ئېكسە كىشكىم باغ ئىچىدە،
قىزىل يۈزلۈك قىلى ئانى ئەل ئىچىدە.
كىشى ئەنجىر يېمەكنى ئادەت ئەيلەر،
ھەمە غەمدىن ئۆزىنى ئازاد ئەيلەر.
كى ئەنجىر بولسا ھەركىمنىڭ خوراكى[①]،
زىيادە بولغۇسىدۇر ئەقلى پاكى.
كى يافراغى ئاتامىز پۈشىشىدۇر[②]،
ھوسۇلى ياخشىلارنىڭ يېمىشىدۇر.
كى مىڭ تۈرلۈك كەسەللەرغە دەۋامەن،
سەھەتلىكغە ئانى كۆپ يەتكۈزۈرمەن.
يەنە شەربەتلەرىم كەۋسەر سۈيىدۇر،
كى ئالەم ئەھلىغە ھەم بىلگۈلۈكتۇر.
خۇدا دەرگاھىدا ئەنجىر ئىدى خاس،
كى ئادەم ھۆرمەتىنى ئەيلەدى پاس.
ھەمە ئىسمىلەرنى تەئلىم بېرىپسەن،
گۇنەھكار قىلساڭ ئەتا سەن قىلىپسەن.
كى مەن ساقلاپ سەنىڭ ئول ھۆرمەتىڭنى،
كى ئادەمغە قىلان كەيفىيەتىڭنى،
ئەدەب ساقلاپ سەنى ئول خاھىشىڭنى،
يەنە ئادەمغە بەردىم پۈشىشىنى...

ئەلقىسسە، ئەنجىر ئۆزىغە فەخر ئەيلەپ......دەپ لاپ ئۇرۇپ...... ئارقا تەرىپىدىن نەئرە ئاۋازى... قارىسا بېھى كېلىۋاتقان...... مېنى تونۇمسەن؟ مېنىڭ ئالدىمدا دورا توغرىلىق سۆزلىمە، دېگىنىچە غەزەپ بىلەن بېھىنىڭ ئەنجىرگە قاراپ دېگىنى:

بېھى بېھراق دېمىشىدۇر ھەيىي سۇبھان،
ئانىڭ ئۇچۇن تالاشۇر بەگ ئىلەخان.
بېھىشتىدە بولمىغاي مەندەك سەرەفراز،
كىشى ئىلكىدە دائىم ئېيتىمەن راز.
تولۇپدۇر مەۋسۇفۇم يەر - كۆك ئاراسى،

① خوراك — يېمەكلىك، ئوزۇق.
② پۈشىش — يېپىنچا، كىيىم - كېچەك.

مېنىڭدەك بارمىكىن نېئمەت سەراسى.
يەنە نەچچە دەلىللەر كۆپ بىلۇرمەن،
خۇدا ئۇچۇن تەۋازۇئلۇق بولۇرمەن.
بۇ سۆزنى بارىپ ئېيتقىل ئول نىفاقغە،
ئۇشۇل دىيدەسى قاتىغ زەن تەلاقغە.
بىھى ئايدى زەبانى ھال بىرلەن،
خۇداغە نالە قىلدى زار بىرلەن:
مېنى ھەر كىشى يېسە خەستە قىلما،
قىيامەت كۈنىدە شەرمەندە قىلما!
كىشى بىيمار بولسا مېنى يېسۇن،
كى ھەرقانداغ كەسەلدىن زود تۇرسۇن.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى ياڭاقتىن ئىشتىڭ. دېمەك، بىھى ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ، پادشاھلار...... تۇرغىنىدا، ياڭاق يېتىپ كېلىپ دېدىكى، ئەي بىھى! بۇ قەدەر بىھۇدە سۆزلەردىن ھېچ پايدا يوقتۇر. ھەركىمنى تەكەببۇر ياخشى قىلسا بەندىلەرگىمۇ ياخشى بولالايدۇ، دېدى ۋە سۆز باشلىدى:

ياڭاق ئۇلدەم بىھى سۆزىنى ئاڭلاپ،
غەزەپلىك بولدى ئاتەشتەك شىقىرلاپ.
تەكەللۇم قىلماغىل كۆپ بىمەزەسەن،
بولۇپ ئاسىي ئۇلۇغ يولدىن ئازارسەن.
ئەگەر ھەركىم ئۆزىن بالا تۇتۇپدۇر،
يەقىن بىلگىل... ئۇنۇتۇپدۇر.
پۇشەيمان قىلدى شەيتان ھەم ئىشىگە،
ۋەلەيكىن ئايتمادى سىررىن كىشىگە.
قىيامەتدە بۇ تەكەللۇغ يىغلار ئەرمىش،
ئىشتكەنلەرنىڭ باغرىن داغلار ئەرمىش..
دېدى يەڭاغ مېنى دانەم سېمىزدۇر،
دەرەختلەرىم ھەممەدىن كۆپ ئېگىزدۇر.
مېنى مىۋەلەرىم چۇن ئوققە ئوخشار،
كى ياش بالا كۆزىغە چوققە ئوخشار.
مېنى كۆرگەن كىشىنى كۆڭلىدە داغ،
مېنى ئاتىم قويۇپدۇر بارچە يەڭاغ.

---

ئەلقىسسە، ياڭاق دېدىكى، مەن ئۆزۈمنى ھەممە مېۋىلەردىن پەس، تۆۋەن تۇتتۇم.

چۈنكى ئاللاتائالا مەنمەنلىكنى دوست تۇتمايدۇ. مېنى كۆرگەنلەر، پوستى تاش، دېيىشىدۇ، ئىچىمنىڭ ياغ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ... دەۋاتاتتى. قارىسا ئارقا تەرەپتىن قىزىرىپ - تاتىرىپ جىگدە يېتىپ كەلدى ۋە ئاچچىقى بىلەن: ئەي ياڭاق، بىھۇدە سۆزلەرنى بىلجىرلىما، دەپ تۇرۇشىغا چىلان جىگدە يېتىپ كەلدى. ئىككىلىسى بىر - بىرلىرىنى ماختاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

دېدى جىيدە مېنىڭ رەڭگىم قىزىلدۇر،
كى دارۇ بولماقىم روزى ئەزەلدۇر.
مېنى ھەركىم يېسە تەنى بولۇر پاك،
..........لارگە بەرادەر قىلغىل ئىدراك.
بىلىڭ نامىمنى ھەركىمكى ئۇنۇتماس،
ھەكىم، ھازىقغە ھەرگىز ئىشى تۇشمەس.
مېنى پوسلاقلارىم چايلارغا مانەند،
ھەم ئانى قايناتىپ ئىچكەي خىرەدمەند.
ئايا ئادەم نەزەر قىلغىل ئۆزۈڭگە،
قۇلاق سالغىل مېنىڭ بىردەم سۆزۈمغە.
يېسە ھەركىم مېنى دانەلەرىمنى،
غۇبارى مەھۋ بولغاي ئادەمىنىڭ.
زىيادە بولغۇسى ئىدراكلارى ھەم،
كى غالىب بولغۇسىدۇر سۆزلەرى ھەم.
چىلان جىيدەگە ئادەمنى...
................
كى ئاخىر ئىكتىلەر چۆلغە چىلان... ①

ئەلقىسسە، نان جىگدە بىلەن چىلان جىگدە سۆزلىشىۋاتاتتى، پىستە ئاغزىنى ئاچقىنىچە دەرھال يېتىپ كەلدى ۋە: ئەي جىگدە، مېنى تونۇمسەن؟ ئاغزىڭغا قاراپراق سۆزلىسەڭ قانداق؟ مېنىڭ نامىمنى پىستە خەندان دېيىشىدۇ. مېنىڭ قەدىر - قىممىتىمنى باققاللاردىن سوراپ باققىن، دېدى ۋە ئۇلاپلا مۇنداق دېدى:

بىلىڭ مېنىڭ مەقامىم كۆپ بەلەنددۇر،
يەنە پىستە يېگەن تەنى سەھەتدۇر.
كى ھەركىمنىڭ خوراكى بولسا پىستە،
ھەمىشە سەھەتۇ بولماسكى خەستە.

① كۆپ چېكىت ئورنىدىكى مىسرا ۋە سۆزلەر كۆيۈپ يوقالغان.

مەنى مەغزىم يەنە ياخشى لەزىزدۇر،
مەنى يېگەن خەلايىقلار ئەزىزدۇر.
كى ھەر تۈرلۈك كەسەلگە دارۇدۇرمەن،
مۇھەببەتلىك كىشىگە ياردۇرمەن.
خۇسۇسەن بىر چەچەك دېگەن كەسەل بار،
ئاڭا دارۇ ئېرۇرمەن ئەي نىكۇيار.
مەنى يېسە كىشىكىم خەستە بولماس،
خەلايىقلار ئىچىدە رەنج كۆرمەس.
مەنى ئاتىمنى دەرلەر پىستە خەندان،
بىلىڭ دارۇ قەتارىدە سانالغان.

ئەلقىسسە، پىستە ئۆزىنى ماختاۋاتاتتى، كەينى تەرەپتىن بادام يېتىپ كەلدى ۋە:
ئەي پىستە، سېنى نېمىدېسەم بولار، دېگىنىچە سۆزگە كىردى.

دېدى بادام، مېنى ئىگسە بىر ئادەم،
ماڭا سۇ بەرسەلەر ئاندا دەمادەم.
كى مېھمانغا ئالىپ چىقسە لىگەندە،
سەۋاب بولغۇسىدۇر بۇ بەندەلەرغە.
بىراۋ ھىممەت قىلىپ گەر ئىكسە بادامنى،
ئانى بىتمەك ئۈچۈن ئالسە قەلەمنى،
سەۋاب بىر ھەرفىغە بۇنياد بولغاي،
قىيامەت كۈن ئۇشول ئېرشاد بولغاي.

ئەلقىسسە، بادام ئۆز - ئۆزىگە پەخىرلىنىپ سۆزلەۋاتقانىدى، ئارقىدىن چىرقىراپ قىرىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. «دۇنيا تەگمىگەن ئەرۋاھقا ئوخشاش چىرقىرىغان نېمىنىڭ ئاۋازىدۇ؟» دەپ كەينىگە قارىسا، ئالۇچە كېلىۋېتىپتۇ ۋە: ئەي بادام، مېنى تونۇمسەن؟ مېنىڭ ئېتىم ئالىچىدۇر، ئەسلىم پادشاھزادەدۇرمەن، دېدى.

ئالچە ئايدى: كۆپ ئېرۇرمەن ئازادە،
مىۋەلەرنىڭ ئاراسىدا خانزادە.
مەنى ئاتىم قويۇپدۇرلار ئالىچە،
مەنى بىلكىم ھەق ياراتتى خاھىشىچە.
كەسەللىكلەر ئېزىپ ئىچسە دەۋامەن،
كى مىڭ تۈرلۈك كەسەللەرگە شىفامەن.
يا ئىلاھا، جۇرم ئىسيانىم تەمام،

نېئمەتى دىيدار بەرگىل ۋەسسەلام.

دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئەمدى شەكەردەك ئىككى كەلىمە سۆزنى بادرەڭگىدىن ئاڭلايلى:

كەل ئەي راۋى مۇەددىن قىل رىۋايەت،
بادرەنگى سۆزىدىن قىلغىل ھېكايەت.
بادرەنگى دەر مېنى پوستىم كەبۇددۇر،
ياراتقان بارچەنى يەكتا ئىگەمدۇر.
مەنى يېسە كىشى پوستىم، ئۇرۇغۇم،
دەۋادۇر كۆڭلى دەردلەرگە ئۇرۇغۇم.
بىلىڭ ئىكسە ئۇشۇل دېھقانى ئەشرەف،
خۇدا دىيدارىغە بولغاي مۇشەررەف.
قولىغە كەتمەن ئالىپ ئىكسە ئول ياش،
سەخىيلەرگە بولۇر ئەلبەتتە ئول باش.
كىشى ئىكسە مەدەد ئىستەپ خۇدادىن،
ئۆزىنى قۇتقادۇر ئول ماجەرادىن.
دېدى بادرەنگى، مەنى ئىكسە بىر ئادەم،
ماڭا سۇ بەرسەلەر ئاندە دەمادەم.
چىقارىپ گۈل قىلۇرمەن دانەلەرنى،
ھەر دەردىگە بەرگەي ھەق دەۋانى.
مەن يېسە كىشى بولۇر تەنى پاك،
كى دەرد بەرگەن كىمدۇر قىلغىل ئىدراك.

ئەلقىسسە، بادرەنگى مەنمەنلىك قىلىپ، تەپ ئۈستىخان بولغان كىشىگە دورا (داۋا) بولىمەن، دەپ لاپ ئۇرۇپ تۇراتتى، بىردىنلا پىندىلەكنىڭ زارلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى. جاۋاب سالامدىن كېيىن پىندىلەك: ئەي بادرەنگى، مېنىڭ ئالدىمدا دورا توغرۇلۇق سۆزلىمە...، دېدى ۋە مۇنداق دېدى:

دېدىكىم پىندىلەك رەڭگىم سەرىغدۇر،
مەنى ئىككەن كىشى كۆڭلى يارۇغدۇر.
كىشىكىم پىندىلەك ئىكسە سەفادۇر،
ئانى يارى ھەمىشە مۇستافادۇر.
كى بۇيىدۇر ئانىڭ جەننەت نىشانى،

كى سۆيدىلەر كەمىنەنى ئىشانى.
ئاچىپ ئىبرەت كۆزۈڭ قىلغىل تەماشا،
تىلىمگە نەزەر قىلغىل ئايا شاھ.
نىشانەلەر قىلىپدۇر ساڭا ئىبرەت،
كىم ئۇچۇن خەلق ئېتىپدۇر بىلگىل ئەي مەرد.
دېدىكىم پىندىلەك، ئەي سەرۋەرى شاھ،
يەراتقان سەن مەنى ئەي قادىر ئاللاھ.
مەنى خەلق ئەيلەدىڭ بەندەلەرىڭگە،
يېسۇنلار دەپ مۇھەممەد ئۇممەتىگە.
سەنى فەزلىڭ بىلە مەۋجۇد ئولدۇم،
ئەدەمنىڭ مۇلكىدىن فانىغە كەلدىم.
مەنى ھەركىم يېسە تاپار سەۋابى،
مەلائىكلەر كېلىپ ئەتكەي تەۋافى.
مەنى شەربەتلەرىم جەننەت سۈيىدۇر،
ھەمەنىڭ خالىقى قادىر خۇدادۇر.

ئەلقىسسە، پىندىلەك ماختىنىپ، مەن جەننەت سۈيىدۇرمەن، دەۋاتقاندا بىر تەرەپ-تىن ۋارقىرىغىنىچە قوغۇننىڭ ئاۋازى كەلدى. ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن قوغۇن، مېنىڭ ھەربىر دانەم سېنىڭ ئون ھەسسەڭدىن زىيادىدۇر، دېگىنىچە سۆز باشلىدى:

قاۋۇن ئايدى، مەنەم جەننەت ئىچىدىن،
چىقىپدۇرمەن جىبرىئىلنى كۆچىدىن.
دېدى قاۋۇن، ئەيا ئەي سەرۋى ئازاد،
كىم ئۇچۇن خەلق ئېتىپدۇر ئەيلەگىل ياد.
مەنى شەربەتلەرىمنى خوپ بىلىڭىز،
كى جەننەت سۈيىدىندۇر دەپ بىلىڭىز.
قىلىپ ھىممەت مەنى ئىكسە ئۇشۇل مەرد،
بىلىڭ ئاتىم قاۋۇن قويدى ئۇشۇل فەرد.
قولىغە گوران ئالىپ ھەيدەسە قوش،
كى قىلماسە بۇ سۆزلەرنى فەرامۇش.
ياراتقاندىن تەلەب قىلسا ئۇشۇل ھال،
مۇرادىنى يەتكۈزۈر ئەي نىك ئەفئال.
كىشى غەيرەت قىلىپ ئىكسە قاۋۇننى،
يۈزى يارۇق بولۇر ئول زۇفنۇننى.
ئۇشۇل دېھقان قاۋۇن ئىكسە ئايا يار،

بىلىڭىز ئىككى دۇنيا بولمىغاي خار.
قاۋۇن ئېيدى، مەنى ئاتىم قاۋۇندۇر،
قاۋۇنسىزلار بىلىڭ ھالى زەبۇندۇر.
قاۋۇن ئىكسە ئۇشۇل دېھقان دىلاۋەر،
ساۋۇق ـ ئىسسىغ ئاڭا بولغاي بەرابەر.
تۇخمنى [1] يەرگە سالىپ كۆمسەڭ ئول ھال،
كى يەردىن كىم چىقارۇر بىر قۇلاق سال.
ئەمەل بەرسە ئاڭا ئول قادىرى تاق،
ئەنىڭ ھۆكمىدە دوركىم خامۇ پىشماق.
بىلىڭ يەردىن چىقىپ بولغاي سەرەفراز،
كى ئىززەت تاپغۇسىدۇر قىش ئىلە ياز.
ئەرەبلەر نامىمى بىتتىخ ئاتارلەر،
مەنى ئىككەن كىشى ئويناپ ساتارلەر.
ئۆزىدىن بولماسە ھەرگىز كۆكەرمەس،
ئۇرۇغۇم تۇرغانچە بەلكى ئۈنمەس.
فەلەك بولسە قاۋۇن قىلماق نەھەددۇر،
كى ئەسلىمنى سوراساڭ بىر ئەلەفدۇر.
ئۆزى بەرمەسە ئاندە نە سەبەبدۇر.
بەرادەرلەر بۇ سۆزلەر كۆپ ئۇلۇغدۇر،
ئەمەل بەرمەسە ئاندە ھۆل ـ قۇرۇغدۇر.
قاۋۇن ئايدى زەبانى ھال بىرلەن،
تىلىدە نالە قىلدى زار بىرلەن.
دەۋا قىلغىل مەنى شەربەتلەرىمنى،
غۇبارسىز قىل، مەنى يېگەن تەنىنى.
كۆرۈپسىزلەر قاۋۇننى شەربەتىنى،
تويۇپ يەرسىزلەر ئانى نېئمەتىنى.
كى شۇكرىنى يەنە كەلتۈرمىگەيسىز،
كى شۇكرىنى تىلىڭدىن ئۆزمەگەيسىز.
مۇھەممەد ھۆرمەتى مەھمۇد مۇختار،
تىلىمغە جارى قىل سۇلتان ئەبرار.
مۇھەممەد ئۈممەتى بولساڭ ئوقۇغىلار،
كۆرۈبان كۆز ياشىڭىزنى تۆكۈڭلار.

---

[1] تۇخم — ئۇرۇغ، ئۇرۇن.

بولۇر كۆز ياشىڭىز ئاندا گۇۋاھى،
گۇناھىڭىنى كەچۈرگەي ئاندا قازى.

ئەلقىسسە، قوغۇن ئۆزىنىڭ شەربەتلىرىنى ماختاپ، مەن شىپالىق دورا، مېنى ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن ئېلىپ چىققان، دەپ پەخىرلىنىپ، ماختىنىپ تۇراتتى. بىر تەرەپتىن ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز كەلدى. بىچارە قوغۇن ئىچىدە «بۇ نېمىدېگەن قوپال، ھەيۋەتلىك ئاۋاز...» دەپ ئويلىغىنىچە كەينىگە ئۆرۈلدى. قارىغۇدەك بولسا تاۋۇز پالۋان قارنىنى بىر قۇچاق قىلىپ يېتىپ كەلدى. بىر - بىرى بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن تاۋۇز دېدىكى: ئەي قوغۇن، ئۆز ھالىڭغا بېقىپ سۆزلىمەسەن؟ مەن تۇرغان يەردە سەن مۇناسىپ بولمىغان سۆزلەرنى بىلجىرلىماي، ئەدەپ بىلەن سۆزلە، دەپ سۆز باشلىدى:

دېدى تەربۇز زەبانى ھال بىرلەن،
تىلىدە نالە قىلدى زار بىرلەن.
بەرادەرلەر بۇ يەردە بولساڭ ئاگاھ،
دەۋا بەرگۇچى بىردۇر قادىر ئاللاھ.
ئوشۇل مەردىكى دېھقان ئىكسە تەربۇز،
سەخى بولغۇسىدۇر بىشۇبھە بۇ سۆز.
بۇ تەربۇزدىن بەرادەر قىلساڭىز نۇش،
زىيادە بولغۇسى ئىدراك ئىلە ھۇش.
كى تەربۇزنى كۆرۈك ئىچى قىزىلدۇر،
دەۋا دېگەن ھەكىملەرنى سۆزىدۇر.
كىشى بولسە كەسەلنىڭ مۇبتەلاسى،
بىلىڭ تەربۇز ھەمە دەردنىڭ دەۋاسى.
قەنى مەردانە مەردى ئەيلەسە كۇش،
كى قىلماسە بۇ سۆزلەرنى فەرامۇش.
ئەنە مەردۇ ئەنە دېھقان ئەنە شىر،
يەنە ئاچ بولسالەر قىلسە ئانى سىر.
يەنە ئۇريان[1] كىشىغە بەرسە جامە[2]،
سەۋابىنى كۆرۈپ ئارماندا قالمە.
كى تەربۇزنى فەلەكى بىر ئەلەفدۇر،
ئانى ئىكسە سەخىلىككە سەبەبدۇر.

① ئۇريان — يالىڭاچ.
② جامە — كىيىم - كېچەك.

ئەلقىسسە، ئاۋۇز قارىنىنى پومپايتىپ، ھەرقانداق كېسەلگە داۋا بولىمەن، دەپ پو ئېتىۋاتقاندا يېنىدىلا بىر قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى. بىر دوملاپ كەينىگە قاراپ كۆردىكى گاھى قارىيىپ، گاھى ئاقىرىپ ۋارقىرىغىنىچە ئاشقاپاق كېلىۋېتىپتۇ. قاپاقنى كۆرۈپ تاۋۇز جىمىقتى. ئاشقاپاق دەرھال سۆز باشلىدى:

بىلمەكىم ئاشقاپاق ئەسلى قارادۇر،
تەئاملار ئىچرە ئانداغكىم سەرادۇر.
يەنە بەئزىلەرى پوستى ئالادۇر،
بىلىڭ سۈتكە سالىپ يېسەڭ مەزەدۇر.
بىلىڭ بەئزىلەرى سورىساڭ كەدىدۇر،
كىشىكىم ئاشقاپاق ئىكسە سەخىدۇر.
بىراۋ ئول فەلەكدە خوپ پىشۇرسە،
ئۈزۈپ ئالىپ يەنە كىم سۈتكە سالسە.
يەنە ئوتنى قويۇپ پىشۇرسەلەر خوپ،
يېسەلەر ئول ئەزىزلەر خوپ ساۋۇتۇپ،
كۆزى رەۋشەن بولۇر ئول بەندەلەرنى،
مۇرادىغە يەتۇر جۇيەندەلەرنى.
زىيادە بولغۇسى ئەقلىلەرى ھەم،
كى غالىب بولغۇسى فەھمىلەرى ھەم.
يەنە بول قۇۋۋەتى باھ ئولغۇسىدۇر،
كى تالىب بولسە ھەركىم يېگۇسىدۇر.

ئەلقىسسە، ئاشقاپاق: مېنى ھەركىم سۈت بىلەن قايىنىتىپ يېسە، كۆزى روشەن بولىدۇ ھەم كۈچ - قۇۋۋەتلىك بولىدۇ، دەپ كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ پو ئېتىۋاتاتتى، يەنە بىر ئاۋاز كەلدى. ئاشقاپاق دوملىغان پېتى ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. قارىسا پىياز ۋارقىرىغىنىچە يېتىپ كەپتۇ. ئاشقاپاق دەرھال دېدىكى: ئەي پىيازخان، يۇقىرى چىقىڭ...... پىيازنىڭ ئاچچىقى كېلىپ دېدىكى: ئەي ئاشقاپاق، بۇنداق بىھۇدە سۆزلەردىن نېمە مەنە چىقىدۇ؟ ھەر ۋاقىت ئۆز شەنىگە لايىق سۆزنى سۆزلە. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋاپات بولسا، قاپاقنىڭ ئېتىپ ئۆزىتىدىغان قائىدە بار. ئۇنىڭغا زۆرۈرىيەت ئۈچۈن بىر قازان ئاشقا يېرىمىڭنى سېلىپ قايىنىتىپ، خوتۇنلارغا بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نېمىگە كېرىكىڭ بار سېنىڭ؟ مېنى بىلەمسەن؟ ھېچقانداق تائام مەنىسىز لەززەت تاپمايدۇ، دېگىنىچە مۇنداق دېدى:

فىياز ئايدى، مەنى ئەسلىم گىياھدۇر،

ئۇرۇغۇمنى سوراساڭلار سىياھدۇر.
مەنى ئەكسە ئۇشۇل دېھقانى ئەشرەف،
خۇدا دىيدارىغە بولغاي مۇشەررەف.
قىياز ئايدى، بەرادەرمەن، ئەزىزمەن،
ھەمە ھاسىل ئىچىندە مۇئتەبەرمەن.
مەنى گوشت بىرلە قىلسالەر بەرابەر،
بەرادەرلەر بۇ سۆزگە ئەيلە باۋەر.
بىلىڭ چافۇق ئەتىمنى قويسە قىيمە،
كى مەنى لەززەتىمە ھېچنېمە دېمە.
بەرادەرلەر تەئاملەر شەككەرىدۇر،
كى شەكەردىن زىيادە لەززەتىدۇر.
قېنى مەردانە مەردى ئەيلەسە كۆش،
كى قىلماسە بۇ سۆزلەرنى فەرامۇش.
قىياز ئايدى، مەنى ئىكسە ئۇشۇل مەرد،
يەنە مەقسۇدىنى بەرگەي ئۇشول فەرد.
قويۇق ئاشقا، سۇيۇق ئاشقا ئايا يار،
پىيازنى نامىدىن .........①
پىيازسىز بولسا ئاشى يوقتۇر لەزىزى،
بۇ سۆزگە ئەيلە باۋەر ئەي ئەزىزى.

ئەلقىسسە، پىياز دېدىكى، مەن ھەرقانداق تائامغا قوشۇلمىسام، ئۇ غىزادا لەززەت بولمايدۇ، دەپ پەخىرلىنىپ تۇراتتى. بىر تەرەپتىن سەۋزە باش كۆتۈرۈپ سۆزگە كىردى:

دېدى سەبزى مەنى ئەسلىم ئەرئەردۇر،
تەمۇرۇم بارچە ئەلغە مۇئتەبەردۇر.
دېدى سەبزى، مەنى ئەسلىم نىھاندۇر،
قارا يەر ئاستىدا رەنگىم ساماندۇر.
بەرادەرلەر مەنى قوشسا بەرەنجگە②،
ئەزىزدۇرمەن بۇ سۆزگە بولغىل ئاگەھ.
يەنە گوشت ـ ياغۇ مۇرجنى ھەم قوشارلار،
ئانى نامىن پەلەۋ ئاش دەپ ئاتارلار.
پەلەۋ نامى مۇبارەكدۇر ئايا يار،

---

① كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر يوقالغان.
② بەرەنج — گۈرۈچ.

بەرادەرلەر بۇ سۆزگە قىلما ئىنكار،
بىلىڭ سەبزى سۇيى ھەزم تەئامدۇر،
كى بىلسەڭىز ھەممە دەردكە دەۋادۇر.
دېدى سەبزى، مەنى ئىكسە قايۇ ناس،
كىشى يېسە مەنى ئۆلدەم با خەلاس.
ئۇشۇل ئەر تاپقۇسى بىھەد سەۋابى،
ئۇشۇلدەم يوق بولۇر ئاندا جەۋابى.
كىشى دېھقان بولسا سەبزە ئىكسۇن،
بەھاسىز گەنجغە ئۆلدەم يولۇقسۇن.

ئەلقىسسە، سەۋزە ئۆز ـ ئۆزىگە پەخىرلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى. كەينىدىن چامغۇر يېتىپ كەلدى ۋە: ئەي سەۋزە، ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭمۇ قانداق؟ خاتالىشىپ قالمىغىن يەنە دېگىنىچە سۆز باشلىدى. ئەمدى سۆزنى چامغۇردىن ئاڭلاڭ:

بىلىڭ دېھقان ئىكىپدۇر ھەر ئەمەلدىن،
كى ئەشرەف بولغۇسىدۇر ئۇڭۇ سولدىن.
ئۇشۇل دېھقان ئىكىپدۇر يازدا شەلغەم [1]،
ئاڭا سۇ بەرسەلەر ھەردەم، دەمادەم،
كۆكەرىپ سۇ بىلە ئالغاي ئەمەلنى،
غۇبارىن مەھۋ قىلغاي بۇ بەدەننى.
كىشى يېسە ئۇشول شەلغەم پىشۇرۇپ،
پىچاق بىرلە يەنە پوستىن تۇشۇرۇپ.
ئۇشول بەندە تاپار بىھەد سەۋابى،
قىيامەت كۈن سورالمايدۇ جەۋابى.
دېدى، جەننەت ئىگەسى ئۇشبۇ ئادەم،
قىيامەت بولسا ھەم تۇشمەس ئاڭا غەم.
خۇدا كەچكەي ئانىڭ بارچە گۇناھىن،
سەخىيلىككە سەبەب بولغاي بۇ كارىن.
دېدى شەلغەم، مەنى ئەسلىم بولۇر شاھ،
يەنە غەم كۆرگەنىم يوق بولغىل ئاگاھ.
مەنى ئىلەن بولۇر گەر شادۇ دىلدە،
كى غەمدىن بولغۇسى ئازاد بەندە.

---

[1] شەلغەم — چامغۇر.

دېدى شەلغەم، مەنى پوستۇم قىزىلدۇر،
مەنى دارۇلىغىم رەۋزە ئەزەلدۇر.
مەنى گوشتكە قوشۇپ قايناتسە قابىل،
بىلىڭ سىز بولغۇسى شورپايى كابىل.

ئەلقىسسە، بۇرۇن بىر دېھقان بار ئىدى. دۇنيالىقتىن بىھاجەت، ئاجايىپ باي ۋە مال - مۈلكى كۆپ ئىدى. يەر - سۇيى شۇنچىلىك تولا ۋە مول ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى دېھقان: بۇ يىل بارلىق يېرىمگە دانلىق زىرائەت تېرىسام بولغۇدەك، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ھەممە يەرلىرىنى ھەيدەپ تەييار قىلدى. ئاندىن يەرگە بۇغداي، نوقۇت، يەسمۇق ۋە ماش قاتارلىق دانلارنى چاچتى. بۇ ئۇرۇقلار ئۇزۇن ئۆتمەي يەردىن ئۈنۈپ چىقتى ۋە پاتلا باش تارتتى. بۇ دانلار بىر - بىرىگە: ئاللاتائالانىڭ ياراتقان بەندىلىرىگە مەندىن پايدىلىق، مەنپەئەتلىكرەك نەرسە يوق دېيىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنى ماختاپ تالاش - تارتىش قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ سۆزىنى بەرەنج ئاڭلاپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ: مەن تۇرغان يەردە سىلەرگە پوچىلىقنى كىم قويۇپتۇ؟ ماڭا پادىشاھلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن، بىچارە - ئاجىزلارنىڭ ھالىغا يەتكەنمەن. مەن ھەر نېمە دېسەم ئەرزىيدۇ، دېدى.

ھېكايەت ئېيتايىن سىزلەرگە ئەي يار،
تەبەسسۇم ۋە تەكەللۇم قىلما زىنھار.
......... تەبەسسۇم ئەتكەنىمگە،
پۇشايمان بولادۇرمەن بىتكەنىمگە،
بەرەنج، بۇغداي، تېرىق، ئارپە، قوناقلار،
نوخۇد، ياسىمۇق، بىلە ماش زەنتالاقلار.
يىغىلىپ بارچەسى قىلدى شىكايەت،
بەرەنج ئۇردى ئۆزىدىن لاف غەيەت.
كى مەنىڭ ئاشىمى خۇشلار خەلايىق،
مەنىڭ ئاشىم ئېرۇر خانلارغا لايىق.
قىلۇرلار ئەل مەنى ھەقىر دەپ ئاش،
ئىچىپ، يەپ ئەيش ئېتەر ئانچە ئەزىز باش.
بىھەمدىللاھكى مەن بۇغداي ئەمەسمەن،
تىگۈرمەنۇ پىچاق زەخمىن يېمەسمەن...

* *

بەرەنج سۆزىن ئىشىتىپ ئاندە بۇغداي،
كېلىپ قەھرى ئۇشولدەم دېدى: ئاي - ۋاي.

نەدەپ ئېيتتىڭ بۇ سۆزنى بەرەنج ئەھمەق،
باشىڭدا ئۇيناماسمۇ ئىككى توخماق.
پەتاس① كۆرمەك ئار ئالىپ كەم بولۇرسەن،
قاچان مېنىڭ بىلە سەن تەڭ بولۇرسەن.
سېنى ئىلتىپ قويادۇر ئاب جۇۋازغە،
بەرابەردۇر ئۇشۇل ھەم كۆپۈ ئازغە.
بىرى چىقسا، بىرى تۇشكەي باشىڭغە،
تەرەھھۇم ئەتمىگەيلەر كۆز ياشىڭغە.
مەنگە② ئۇل ئاقلاغاندا تەڭ بولۇرسەن،
يوق ئېرسە ئات - ئېشەككە يەم بولۇرسەن.
مەنى تاشۇ كېسەككىم گۇم قىلادۇر،
تىگۇرمەنگە تۇشۇرۇپ ئۇن قىلادۇر.
شىمارىپ بىبى ۋە بەگلەر بىلەكنى،
كېتۇرۇپ ئۇستۇمە تۆرت باغ ئىلەكنى.
قىلۇر مەنى تەقى كۆلچە، بوغۇرساق،
مەنى ئۇچۇن ئەرۇ خاتۇن يورۇمساق.
ئېرۇرمەن تىشكە يۇمشاق، تىلگە تاتلىغ،
مەنى ئالدىمدە ئارفە ئانچە قاتتىغ.

*　　*

ئىشتىپ ئارفە بۇغداينىڭ سۆزىنى،
كى قىلتاناق باسىبان يۈز - كۆزىنى.
دېدى بۇغدايغە: مۇنچە ماختانۇرسەن،
ئەگەر مەن سۆزلەسەم سەن توختالۇرسەن.
سېنى يېدى بېھىشتىدىن چىقتى ئادەم،
مەنى يەپ قىلدى تائەت ئۇشبۇ ھاتەم.
جەھان ئىچرە كىشى ئاچقە ئىلىنسە،
سۆيۈنۇرلەر مەنى باشىم كۆرۈنسە.
دېيۇرلەركىم، چىقارمىش ئارفە باشىنى،
ئىچەرمىز قارنىمىز تويغۇنچە ئاشىنى.
بىھەمدۇلىلاھكى مەن ئەرزان ئەمەسمەن،
سېنى ئالدا فۇدەك غەددار ئەمەسمەن.

---

① پەتاس — تاماق يېيىش.
② مەنگە — پاخال، مەنگەن.

تەرىق قەزانغە سالىپ قايناتادۇر،
قاۋۇرۇپ كۆزگىنەسىن ئويناتادۇر.

*

ئىشتىپ ئارفە سۆزىن ئاندە تەرىق،
كېلىپ قەھرى چىراكى بولدى سەرىق.
سەنى ماڭا ئالىشتان زەن تەلاقلار،
سەنى يېسە تەماغى قىلتاناقلار.
سەنى بوغۇن - بوغۇنىڭدە بىلىك بار،
كىشىگە ياقمىغان ساۋۇق يېلىك بار.
مەنى بىمار كىشىگە ئەم قىلادۇر،
سېنى ئاتۇ ئېشەككە يەم قىلادۇر.
مەنى قىلۇر خەلايىق بوزە - بوزە،
ئالىپ يۈرگەيلەر ئانى كوزە - كوزە.
مېنى ئىچكەن يىگىت گۇلگۇن ئاچىلۇر،
ئاغىزدىن مەست كۆپۈكلەر ساچىلۇر.
بۇ سۆزۈڭنى بارىپ ئايتقىل قوناقغە،
ئوشۇل دانىيۇ باشى يومۇلاقغە.
قوناقنىڭ ئاشى ئېرۇر كۆپ مۇلايىم،
ئانى ئىچكەن كىشى بولغان شەلايىم.

*

مۇنى ئىشتىپ قوناقنى قەھرى كەلدى،
ئاچىغلانىپ ئانى ھەم زەھرى كەلدى.
نە دەپ ئايتتىڭ بۇ سۆزنى فىتنە تەرىق،
ئىچىپ بولماس ئاشىڭنى رۇيى سەرىق.
تەڭ ئەتمەسمەن ئۆزۈمنى ئول ئەسەلغە،
داۋادۇرمەن نەچە ياتقان كەسەلغە.
مەنى بىمار كىشىلەر ئىچسە ئۈچ كۈن،
ئېتەرمەن دەردىغەمەن ئەمدى كۈچ كۈن.
مەنى ئاشىم تەقى بىمارغە ياقغان،
نەخۇدنىڭ تۇمشۇغىدۇر يەرگە پاتقان.
..............①
تەرىق بىرلەن ئىكەۋنىڭ سەپسەرىغ سۆ.

① كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆزلەر كۆيۈپ يوقالغان.

............ ئاش باقايلى،
سەنى بىر سۆز بىلە ئالىپ ياقايلى.
قاشۇقدىن سىلكىبان تاشلار تەباقغە،
زەرۇرەتدىن سەنى تاشلار تەماقغە.
يەنە نەچچە تەكەللۇم ئايدى بىسيار،
كى تۇمشۇغىن كۆتەرىپ يىغلادى زار.
دېدى: ئەي قادىرا، دانا ئېرۇرسەن،
كى بەئزى بەندەغە تۇمشۇق بېرۇرسەن.
نەچۇك ئەيلەي ئەزەل كۇندە بىتىكنى،
مەڭا ئۇشبۇ كۇنى تۇمشۇقنى بىتتى.
بۇ سۆزۇڭنى بارىپ ئېيت جەۋھەرىغە،
ئىچىپ خاتۇن كى يۇرمەس شەۋھەرىغە.
ئېرىكىم خاتۇنغە ھېچ ياۋۇماس،
بىراز ئېت يېمەيىن ھەرگىز ياراماس.
قىلىپ تەڭرىم ئەجايىپ ئانى ئەھمەق،
باشىدە بىلگۇسىدۇر ئەگرى توقماق.

* *

ئۇشولدەم جەۋھەرى بويىنىن ئۇزاتىپ،
نەخۇدكە سۆزلەر ئايتتى مىسكىن ئېيتىپ.
نەدەپ ئايتتىڭ بۇ سۆزنى تاش بەقاسەن،
قىلىپ فىتنە جەھانغە ئوت ياقاسەن
بېرىپ تەڭرى ماڭا خوب قەددى بالا،
ئايتارمەن تەڭرىگە تەسبىھ ھالا.
يىبەرىپ ھەق مېنى شامۇ شەرىفدىن،
كېلىپدۇرمەن تەقى مەككە شەرىفدىن.
بېلىمنى باغلادىمەن بەندەلىكدە،
سەنىڭدەك ياتمادىم شەرمەندەلىكدە.
بۇ سۆزۇڭنى بارىپ سەن ماشقە ئايتقىل،
ئۇ شولكىم رەڭگى رويى تاشقە ئايتقىل.
كى ماش ئېشتىپ بۇ جەۋھەرنى سۆزىنى،
نېگە مۇنچە بەلەند تۇتدىڭ ئۆزۈڭنى.

ھېكايەت:

ئىشتىكىل ئايىتايىن مەن بىر ھېكايەت،
قۇلاق سالىپ ئوتتۇرغىل تا نىھايەت.
بۇ ئادەمنى يارا تۇردەكىم بىلسەڭ،
كېچەش قىلدى مەلائىكلەر ئىشتسەڭ.
نەچۈك بولغايكى مەن ئادەم قىلۇرمەن،
تەمام مەخلۇقلارىم سىررىن بىلۇرمەن.
فەرىشتەلەر دېدى: ئادەم يەراتمە،
بولۇر ئاسي تەقى سەن ئادەم ئەتمە.
دېدى قادىر: مەنىڭ كۆپ قۇدرەتىم بار،
تەقى ئادەمغە ئانچە رەھمەتىم بار.
قىلىپ تەييار ئادەم سۇرەتىنى،
كۆرۈڭ قادىر خۇدانىڭ قۇدرەتىنى.
نە يەردىن ئاڭا جان كەلتۇرۇپدۇر،
ئاڭا كىرمەي ئوشۇل جان توختالۇپدۇر.
دېدى: كىرسەم مۇنى كۆپ مېھنەتى بار،
سەنى ئالدىڭدە يارەب! بەندە ناچار.
دېدى: كىرگىل، سېنى ئۆزۈم بىلۇرمەن،
چىقىپ - كىرگەندە مەن رەھمەت قىلۇرمەن.

* *

ئوشۇل ۋەئدە بىلەن جان تەنگە كىردى،
دېيۇپ «ئەلھەمدۇلىللاھ» ئاندە تۇردى.
مۇڭا سەجدە قىلىڭلار، دەپ بۇيۇردى،
فەرىشتەلەر باشىنى يەرگە ئۇردى.
كى سەجدە قىلمادى شەيتان بەد بەخت،
ئاڭا تۇشتى ئوشۇل كۇن تەۋقى لەئنەت.
دېگەن ئېرمىشكى مەن ئوتدىن بولۇرمەن،
نەچۈك بالچىقغە مەن سەجدە قىلۇرمەن.
تەكەببۇر ئەيلەگەن شەيتان بولۇپتۇر،
تەۋازۇئ ئەيلەگەن سۇلتان بولۇپتۇر.
بۇ سۆزۈڭنى بارىپ زەردەكغە ئايتقىل،
بىرى شەلغەم ئىكى بەدرەكغە ئايتقىل.
بولۇپ خار - زار زەمىن ئىچىدە ياتقان،
بەش - ئالتى باش بولۇپ بالچىقدە ياتقان.

*

كى شەلغەم ماشىنىڭ سۆزىن ئىشتىپ،
زەماندىن سوڭ دەم ئۇردى قەھرى كېلىپ.
دېدى بىلدىم بىتەھقىق ماش ئىكەنسەن،
ئەجەب ئەھمەق ئەيالدەك ياش ئىكەنسەن.
دېدى: ئارى، زەمىن ئىچرە تۇرۇغىم،
بەھار ئولسە تاپىلمايدۇر ئۇرۇغىم.
سۆيۈپ ئاتىمنى «شەلغەم» دەپ قويۇپدۇر،
كى پىشماي ئاشمە ئادەم تويۇپدۇر.
نەچە يىل دۇنيادە يانىپ چەراغىڭ،
بولۇر ئاخىر قارا يەرگە تۇراغىڭ.
نەچە كۈن دۇنيادە قىلساڭ فەراغەت،
ئۆلۈم قىلغاي يۈرەكىڭنى جەراھەت.
تەمام مەخلۇقلارىن جايى زەمىندۇر،
ئانى ئۇچۇن مەنى ئىشىم ھەمىندۇر.
قاچىپ تۇشتۇم قەرا يەر قەئرىنە مەن،
چىدايالماي پىيازنىڭ زەھرىنە مەن.
ئۆزى ئاچچىغلىغىدىن سويدۇرادۇر،
قەزان ئىچرە خاتۇنلار كۆيدۇرەدۇر.

* *

پىياز ئولدەم قىزارىبۇ ئاقارىپ،
ھەقارەت ئەيلەدى شەلغەمگە باقىپ.
دېدى : يەفراغلارىڭ كۆپ قالپايىپسەن،
يەمانلىغدىن ياپۇشۇپ يالپايىپسەن.
چىقىپ دۇنيا يۈزىگە نەكىيەرسەن،
ئۇياتىڭدىن قەرا يەرگە كىرەرسەن.
نە يەكتەك بار، نە ئىشتان كۆتتى ئاچۇق،
بەرىڭ كەلدۇر باشىڭدە بەرگى ساچۇق.
بەرىپ قات - قات لىباس ماڭا ئىلاھىم،
ئانىڭ ئۇچۇن مەنى تەنىم مۇلايىم.
بەھار ئولسە كۆكەرىپ سۆيۈنەرمەن،
يەراشۇقغە تەقى دەستار كىيەرمەن.
مەنى سۆيمەس كىشى بولماس جەھاندە،
بىلەلمەسسەن مەنى سىررىم نىھاندە.
تەقى گوشت ئىچىدە كۆپ لەززەتىم بار،

سەنى ئالدىڭدە ئانچە ئىززەتىم بار.

دەپ، پىياز مۇنارىرە ۋە تالاش - تارتىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، بەسلىشىش ۋە جەڭگۈ جېدەل مەيدانىدا سۆز تۇلپارىغا مىنىپ، ئۇلۇغلۇق ئەمىلىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇندا قارار تاپتى.

## ھاجەتلەرنى رەۋا قىلغۇچى تەڭرىتائالاغا كىتابىنىڭ ئىگىسىنىڭ تىلىدىن مۇناجات

ئەي خۇدايا، خەستەۋۇ بىچارەمەن،
فىسقۇ ئىسيان دەشتىدە ئاۋارەمەن.
نەفسۇ شەھۋەت دامىغە بولدۇم ئەسىر،
تاغدىن ھەم جۇرم - ئىسيانلار كەبىر.
مەئسىيەتدۇر كېچە - كۈندۈز كارۇ بار،
قالمادى شەرمۇ ھەياۋۇ مەندە ئار.
سەنگە بىر مەقبۇل تائەت قىلمادىم،
پاكلىك بىرلە ئىبادەت قىلمادىم.
قىلىپمەن ئۇمرىمى بىھۇدەگە سەرف،
فىكرى بەدكە سىنەنى مەن ئەيلەدىم زەرف.
........ ① غە يەتكۈر ئىلاھ،
جۇرم ئىلە ئىسيانلارىم كەتكۈر ئىلاھ.
سەندىن ئەي سەتتار، كۆپ شەرمەندەمەن،
كۆپ خىجالەت بىرلە سەرەفكەندە مەن.
كەل ئەي ئەھمەد، بۇ سۆزلەر ساڭا بەسدۇر،
دېگەن سۆزلەر ھەممە ھايۇ ھەۋەسدۇر.
بەرادەر ئاڭلا ئەھمەدنى سۆزىنى،
غەزەل بىرلە بەيان ئەيلەي ئۆزىنى.
كەمىنەنى ئاتىدۇر موللا ئەھمەد،
ئاتاسىنى ئاتىدۇر يار مۇھەممەد.

(ھىجرىيەنىڭ 1331 - يىلى تاماملاندى)

(پەرىدە ئەمىن: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

---

① كۆپ چېكىت ئورنىدىكى سۆز يوقالغان.




موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## تىبەتتە بىز دۇچ كەلگەن قايغۇلۇق ۋەقەلەر ۋە تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىرزىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىڭ بايانى

نەزم:

*سۇبھى مائ ئەز تۇ بەغەم شامى بەماتەم گوزەرەد،*
*سۇبھو شامى كەسى ئەز ئىشق چۇنىن كەم گوزەرەد.*
*مەكۇن ئەفسانەئى ما گۇشكى ئىن مايەئى غەم،*
*ھەيف باشەدكى بەرئان خاتىرى خۇررەم گوزەرەد.*

تەرجىمىسى:

*[بولدى سۇبھىم غېمىڭدىن گويا ماتەم تۈنىدەك،*
*ئىشقتا ئىنسان كۈن - تۈنى كەم كېچىدۇ بۇنىڭدەك.*
*بۇ غەمكىن ھېكايەمگە قۇلاق سالما، ئىشتىسەڭ*
*ئېسىت دەيسەن، يوقىلار خۇشاللىقىڭ شۇنىڭدەك.]*

شۇنداق ئېغىر مېھنەت - مۇشەققەتلەر ۋە شىددەتلىك ۋەقەلەر ، [ گوياكى، بېيت:

① بېشى ئۆتكەن ساندا

*تاكەي زەمانە داغى غەمەم بەر جىگەر نەھۇد،*
*داغى ھەنۇز تازەكى داغى دىگەر نەھۇد.*
*ھەر داغكى ئاۋەرەد قەدرى روىە بىھتەرى،*
*ئان داغ را گۇزارەدۇ داغى دىگەر نەھۇد.]*

تەرجىمىسى:

*قاچانغىچە باغرىمغا زامان سالار دەردۇ غەم،*
*كونا يارا ئۈستىگە يېڭى يارا قىلار جەم.*
*ھەر يارىسى ساقىيىپ تېخى پۈتمەي تۇرۇپلا،*
*ئۈستىلەپ سالار يارا، ھەسرەت ئۈستىگە ئەلەم.*

ئۈزلۈكسىز جاپا - مۇشەققەت، ئارقا - ئارقىدىن ئۇلىشىپ كەلگەن ئازاب ۋە خور- لۇق بىزگە گويا بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى بېسىپ كەلگەن دەريا دولقۇنلىرىدەك ئار- قا - ئارقىدىن باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. نەزم:

*زىن بەھرى ئابگۇن چۇ كەسى ئاب خۇش نەخۇرد،*
*خۇدرا زى ئابخۇردى جەھان سىير كەردەئىم.*

تەرجىمىسى:

*دېڭىز كەزگەن ھېچقاچان دېڭىز سۈيىنى ئىچمەيدۇ،*
*جاھان سۈيىنى ئىچىپ خېنەككىچە[1] تويدۇق بىز.*

ئەھۋالىمىز كېمىسى بۇزۇلۇق ۋە بالا - قازا دېڭىزىنىڭ قايناملىرىغا چۆكتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاكەت ۋە ئازاب دولقۇنلىرى كېلىپ تاشلاندى. جاپاكار پەلەك بۇنىڭغا قوشۇپ ئۈستىمىزدىن غەم ۋە تەشۋىش بۇلۇتلىرىدىن ئەندىشە ۋە مېھنەت مۆلدۈرلىرى- نى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بېيت:

*ھەرگىز نەيايەد زى چەرخ بارانى كەرەم،*
*زىن چەرخى بەلا ھەمىشە مىبارەد غەم.*

تەرجىمىسى:

---

① خېنەك — ساقاقنىڭ ئاستى، بوغدىيەكنىڭ ئۈستى، بوغۇز.

*پەلەك ئەۋەتمەس ھەرگىز رەھمەت يامغۇرىن بىردەم،*
*بۇ چەرخى زالىم ھەمىشە ياغدۇرار پالاكەت - غەم.*

بۇ تەتۈر ئايلانغۇچى چەرخ، بۇ تۇتامى يوق پەلەك ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن ئاداۋەت ئويۇنلىرىنى باشلىغىنىدا، كىشىگە بىر تەرەپتىن پاك قېرىنداشلارنىڭ ئۆچمەنلىكلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر تۈرلۈك بالا - قازا ۋە پالاكەتچىلىكلەر تەڭ يېغىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭغا ھېچقانداق كىشى ئالاقىدار ئەمەس، بۇ ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، رۇبائىي:

*ئەز دۇشمەن ئەگەر جەفا رەسەد ئەيبى نې،*
*ئەز جەۋرۇ جەفايى ئۇ مەرا رەيبى نې،*
*زان جەۋرۇ جەفاكى فەلەك مىئايەد،*
*دەر جۇملە جەھان دۇرۇست جەيبى نې.*

تەرجىمىسى:

*دۇشمەندىن ئەگەر جاپا يەتسە ھەم نېمە ئەيب،*
*ئۇنىڭ جەۋرۇ جاپالىرىدىن مەندە ھەم نېمە ئەيب.*
*بۇ بارچە جاھاندا تۈز كۆڭۈل كىشى قايدا،*
*بۇ جەۋرۇ جاپانى قىلغان پەلەكتە ھەم نېمە ئەيب.*

مەغپىرەت تاپقۇر خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىزگە يۈزلەنگەن كۈلپەتلەرنىڭ يۈزدىن بىرىنىلا قىسقىچە بايان قىلىش مۇۋاپىق كۆرۈندى. چۈنكى، خۇدا پاناھ بەرسۇن، ئۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى بۇ نۇسخىغا تەپسىلىي يېزىلسا، بۇ ئاددىي كىتابقا ئاقىللارنىڭ سائادەتلىك نەزەرلىرى چۈشۈپ قالسا، بۇ ۋەقەلەرنى مۇبالىغىدە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك دەپ قاراپ، سۆز زىنىنەتلەش قاتارىغا قوشۇۋېتىدۇ. دانىشمەنلەر: «يالغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان راست سۆزنى مۇبالىغە قىلما، راستقا ئوخشايدىغان يالغان سۆزنى ئېغىزغا ئالما» دېگەن ئىكەن. بۇ مەزمۇنغا ئەمەل قىلىپ، بۇ يالغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان راست ۋەقەنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىن ئۆزنى تارتىپ، ئىخچام ۋە قىسقىچە زىكىر قىلىشقا تۇتۇش قىلىندى.

دېمەك، رەشىد سۇلتان تاغامنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ، باشقا مۆتىۋەرلەرگە ئازار بېرىپ، ئۇلارنى قورقىتىپ، ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن، تىبەتكە كىشى ئەۋەتىپ، ئۇ كىشىلەرگە بىرنەچچە نىشان (يارلىقنامە) ئەۋەتىپتۇ. بۇ نىشانلاردىن بىرىنى ئىنىسى ئىسكەندەر سۇلتانغا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «تىبەت زېمىنىنى سىزگە بەردۇق، مىرزا ھەيدەر بىلەن مەھمۇد مىرزىمۇ سىز بىلەن تىبەتتە تۇرغاي» دەپتۇ. قالغان لەشكەرلەردىن بىر جامائەتكە يەنە بىر نىشانىنى

ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭدا:«كىمىكى تىبەتتە تۇرۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە باللا
- چاقىلىرى قىرغىزلارغا چىقارتىپ بېرىلىپ، ئاتقا ئالماشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا، بۇ ھۆ-
كۈمنى ئاڭلىغان ھامان ھەممە سىپاھلار توختىماستىن ياركەندكە قايتىپ كېلىشى
كېرەك.» دەپتۇ. بۇ بەتنىشان پېقىر گۇگەدە ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپتۇ. پۈتكۈل لەشكەر
بۇ نىشاننىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپتۇ. ئۇلار ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ تېزدىن
ياركەندكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن مەھمۇد مىرزىلار بىرقانچە
كىشى بىلەن قېچىپ، قېلىپ قالغانىكەن، پېقىر ئىككى كۈندىن كېيىن لەشكەر ۋەيران
بولغان يەرگە كېلىپ، ئىسكەندەر سۇلتان ۋە مەھمۇد مىرزىلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار:

بۇ كېچە مۇشۇ يەردە تۇرغىنىمىز مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. چۈنكى، لەشكەرنىڭ بەزد-
لىرى ئىلاجىسىزلىقتىن كەتتى، ئۇلارنىڭ پۇرسەت تېپىپ قېچىپ، بىزگە قوشۇلۇش
ئېھتىمالى بار، دېدى. شۇڭا كېچىسى ئاشۇ مەنزىلدە ساقلىدۇق.

پېقىر بىلەن يۈزدىن ئارتۇقراق كىشى بار ئىدى، ئۇلار جەڭلەردە پىشقان، ئىشلاردا
تەجرىبىلىك، شىجائەتلىك ئىدى. مەشھۇر پالۋانلارنىڭ تىللىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ تەرىپ -
تۆسۈپلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئاتا - بوۋامنىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ خىزمەتتە بولۇپ كەل-
گەنلەر بولۇپ، پېقىرغا مىراس تەرىقىسىدىكى خىزمەتكار بولۇپ قالغانلار ئىدى. كۆپ-
لىگەن جەڭ مەيدانلىرىدا ئۇلار ئۆز تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن قېتىم تەكرار كۆز-
گە كۆرۈنۈپ، مۇمتاز بولغان بولۇپ، ھەربىرى ئەمىر دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرگەنلەر ئى-
دى. بەزىلىرى پېقىر بىلەن ئېمىلداش ۋە قېرىنداش بولۇشقا رازى بولۇشۇپ، كو-
كۈلداش ئاتالغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ پېقىردىن يۈز ئۆرۈپ، قارشى مەيدانغا ئۆتۈشى ناتا-
يىن ئىدى. [ كېچىنىڭ يۇلتۇز لەشكەرلىرى پىتىراپ قېچىشقان ۋاقتىدا، پەلەكنىڭ
ئاتلىق تۇركى ئالىچىپار ئاسمان ئېتىغا يالغۇز ۋە تەنھا ھالدا مىنگەنىدى. پېقىر يۇل-
تۇز لەشكەرلىرى كۈندۈزگە بويسۇنماي تاراپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئىشەنچلىك
ھەمراھلىرىمنىڭ كېچە قاراڭغۇسىدا غايىپ بولۇپ، تۈن بويى قېچىپ بىقارار بولۇپ
يۈرگەنلىكلىرىنى ھېس قىلدىم.

قۇياش مەشئىلى بەختسىز ھاياتتەك قاپقاراڭغۇ زېمىن سەھنىسىنى يورۇتۇپ
نۇرلاندۇرغان چاغدا ] يۇقىرىدا نامى زىكىر قىلىنغان جانئەھمەد ئاتاكا كەلدى. ئۇ پې-
قىر بىلەن ئېمىلداش بولۇشقانىدى. كوكۈلداشلىرىم ئىچىدىن شاھمۇھەممەد ناملىق
بىرىمۇ قايتىپ كەلدى. [ ئۇ ئاشۇ توپنىڭ ئابرۇيلۇق كىشىلىرىدىن ئىدى. ] ئۇ يەنە
ئۆزىنىڭ ھۈنەرلىك شاگىرتلىرىدىن بەش كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، بىللە ئېلىپ كەل-
دى. يالغۇزلۇق ئەندىشىسى تەسكىن تاپتى. بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بىر تەرەپ-
تىن ئىسكەندەر سۇلتان بىلەن مەھمۇد مىرزىلار كەلدى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەنلەر
يىغىلىپ ئەللىك كىشى بولدۇق - دە، ئۇ يەردىن مارىيۇلغا قاراپ يۈزلەندۇق. بۇ جەدى
پەسلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بولۇپ، سوغۇق تازا كۈچەيگەن چاغ ئىدى. بېيىت:

*ئەز سەردى دەي چۇ مۇرغى ئابى،*

*ئاۋەردە پەناھى با كەبابى.*

تەرجىمىسى:

*قىش سوغۇقىدىن ئۆردەكمۇ ھەتتا،*
*كەلدى كاۋاپچىدىن تىلىشىپ پانا.*

قىشنىڭ سوغۇقى شۇ قەدەر شىددەتلىك بولدىكى، ئۇنى ئەگەر تەپسىلىرەك بايان قىلىدىغان بولساق، باشقىلار بىزنى سۆزمەنلىك قىلىۋېتىپتۇ دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن. ] سوغۇقنىڭ شىددىتى تۈپەيلىدىن يۇقىرىقى ئەللىك كىشى ئىچىدىن قىرىقتىن كۆپرەك ئادەمنىڭ بەزىسىنىڭ قولى، بەزىلىرىنىڭ پۇتى، بەزىسىنىڭ قۇلىقى، يەنە بەزىلىرىنىڭ بۇرنى ئۈششۈپ قالدى. ئاشۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى چېكىپ يىگىرمە بەش كۈندە مارىيۇلغا يەتتۇق. مارىيۇلنىڭ جۇ (ھاكىم)لىرىدىن يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنىپ ئۆتۈلگەن تاشكۈن بىلەن لاتە جوغدان ئارقا - ئارقىدىن خىزمىتىمىزگە كەلدى. گەرچە بىزدىن ئۇلارغا كۆپ زورلۇق ۋە ئازار يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تاشكۈن بىلەن لاتە جوغدان بۇنىڭغا جاۋابەن شۇنچە خىزمەتلەرنى ۋە ئۆزرىخاھلىقلارنى قىلدى.

تۆت يۈز يىلدىن بېرى، دېدى ئۇلار ئۆزرە ئېيتىپ، ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ [ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد باشقىلارغا پۇقرا بولۇپ كەلگەن ئىكەن. مانا ھازىر ] بىز پۇقرا، سىزلەر پۇقراپەرۋەر پادشاھ. ئۆز ۋاقتىدا سىزنىڭ سەلتەنىتىڭىز تازا كۈچەيگەن ۋاقىتلاردا سىزدىن چۆچۈپ ۋە ئەندىشە قىلىپ، بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلغانىدۇق، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەدەپ ۋە جازا بېرىلىشى كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلدىڭىز. بۇنىڭغا بىز رازىمىز. شۇ چاغدا تىبەت جۇلىرىدىن ھەركىم سىزگە ئىتائەت ۋە خىزمەت قىلغان بولسا، بۇ قورقۇنچ سەۋەبىدىن بولغانىدى. مانا ھازىر خىزمىتىڭىزنى قىلىپ، ئىتائىتىڭىزدە بولۇشىمىز دوستلۇق ۋە ئېتىقادنىڭ نىشانىسىدۇر. ئېتىقاد ئەھلى كىم ئىكەن؟ خىزمەتكارلىق داۋاسىدا كىم سادىق ئىكەن، كىم يالغانچى ئىكەن؟ بۇنىڭدىن مەلۇم بولغۇسىدۇر. بېيت:

*جەمئى زەبان بەدەئۇۋئى ئىشقەت كۇشادە ئەند،*
*ئەي مەن غۇلام ئانكى دىلەش با زەبان يەكەست.*

تەرجىمىسى:

*ئىشقىڭ دەۋاسىنى قىلىپ ھەممە ئېغىزلار ئېچىلۇر،*
*مەن خىزمىتىڭدە تىل بىلە دىلىمنى بىر قىلدىم ھامان.*

ئۇلار بىزگە مارىيۇلنىڭ مەركىزى شەيە قەلئەسىنى سوۋغا قىلدى. شەيەگە كە-

رىپ، راھەتلىنىپ ئارام ئالدۇق. ئۇ يەردە لەشكەردىن ئايرىلىپ قالغانلاردىن بىرنەچچە كىشى بار ئىكەن، ئۇلارمۇ بىزگە قوشۇلدى. مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد قاراتاغى شۇلار ئىچىدە بار ئىكەن.

بۇ مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد يۇقىرىدا ناملىرى زىكىر قىلىنىپ ئۆتۈلگەن ھەزرىتى مەخدۇمى خاجە [ مۇھەممەد ] يۇسۇفنىڭ خادىم ۋە مۇلازىملىرىدىن ئىدى. تەقۋادار مۇسۇلمان كىشى ئىدى، تىبەت تىلىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. تىبەتنىڭ ھەممە جۇلىرى بىلەن دوست ۋە ئاغىنە ئىدى. تىبەت جۇلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىش بولسا، مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد ئۇنى ناھايىتى ياخشى ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلاتتى. [ ئاندىن كېيىن كەشمىردىن ھاجى ئاتلىق كىشى كەلدى. بۇ كىشى ھەققىدە كېيىن ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىمىز. ئۇ كىشى پېقىرغا خىزمەت قىلىشنى ئۆزىگە بەختىيارلىق دەپ قارىدى. ] شۇنىڭ بىلەن قوشقاندا توپىمىزغا يىغىلغانلارنىڭ سانى ئاتمىش كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.

[ۋەيران بولۇپ پىتىراپ كەتكەن لەشكەر ھاۋانىڭ ئۆزگىرىپ، ئىنتايىن سوۋۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن قاتتىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ يول يۈرۈشى ئىنتايىن تەس بولدى. ئالدىراپ قايتىپ كېتىشكە سەۋەبكار بولغانلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى شىۋىرغانغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى ۋە زايا بولدى. ] ياركەندكە قاراپ يۈرگەن بۇ كىشىلەردىن بىر يۈز ئەللىككە يېقىن كىشى ھاۋانىڭ شىددەتلىك سوغۇقىدا جانلىرىدىن ئايرىلىپتۇ. قالغانلىرى چالا ئۆلۈك ھالەتتە ياركەندكە قاراپ يۈرۈپتۇ. يەنە بىرمۇنچىلىرى يولدىن يېنىپ، ۋەيرانە ۋە مۈشكۈل ھالەتتە مارىيۇلغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن قوشقاندا توپىمىزغا يىغىلغانلارنىڭ سانى بەش يۈز كىشىگە يەتتى، ئۇن مىڭغا يېقىن قوي يىغىلدى. تولۇق تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ئورنىتىلدى.

مارىيۇلغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، جانئەھمەد ئاتاكا بىلەن شاھمۇھەممەد كوكۇلداشنى بۇ جاڭگاللاردا قولغا چۈشكەن ماللاردىن نەچچە خىل تۆھپىلەر بىللە ياركەندكە، رەشىد سۇلتاننىڭ يېنىغا ئەۋەتكەنىدىم. يەنە بىر ئەرز يېزىپ، ئارىمىزدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ۋە بۇرۇنقى ۋەدە - قەسەملىرىمىزنى بايان قىلدىم. بىر - بىرىمىزگە بېرىشكەن نىشانلار ئىچىدىن رەشىد سۇلتان ماڭا بەرگەن قۇش پېيى شەكلىدە توقۇلغان بىر ساۋۇت، بىر پولات دۇبۇلغا ① بار ئىدى، [ ئۆز ۋاقتىدا رەشىد سۇلتان بۇلارنى دوستلۇقىمىزنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ماڭا بەرگەنىدى، ] ھەر ئىككىسىنى رەشىد سۇلتانغا ئەۋەتتىم. نەزم:

*يادىڭغا كەلتۈركى، ھەرگىز سەن مېنى ياد ئەتمەدىڭ،*

---

① بۇ ئەستىلىك بۇيۇملار موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا يۇقىرىقىدەك «... ساۋۇت،... دۇبۇلغا» دېيىلگەن، پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «قارا قوڭۇر رەڭلىك ئەرەب تونى بىلەن پولاتتىن سوقۇلغان ئايپالتا» دېيىلگەن.

*بۇ ھەزىن كۆڭلۈمنى ھەرگىز خۇررەمۇ شاد ئەتمەدىڭ.*
*گەرچە بىزگە شاھ بولدۇڭ سەلتەنەت تەختى ئۇزە،*
*لېك بىزگە لۇتفۇ شەفقەت، ئەدل ئىلە داد ئەتمەدىڭ.*

دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتىم. [ ئۆتكەنلەر ئۆتتى،

*بىۋەفائى شىۋەئى مەھبۇب مىدانىم ما،*
*نىست خۇبانرا ۋەفايى خۇب مىدانىم ما.*

تەرجىمىسى:

*سۆيگىنىمگە بىۋاپالىقكەن ئۇدۇم، بىلدىم مانا،*
*بۇ گۈزەللەردە ۋاپا يوقكەن چوقۇم، بىلدىم مانا.]*

شۇ قىش ئاخىرلاشقاندى، رەشىد سۇلتان جانئەھمەد ئاتاكانىڭ ئوغلى، مېنىڭ كوكۆلدىشىم بىكەنگە ھەسەن دىۋاننى قوشۇپ، تىبەتكە، بىزنىڭ يېنىمىزغا ئەۋەتتى. ئۇلاردىن:«نادانلىق تۇپەيلىدىن بۇ خاتا ئىشلار سادىر بولۇپ، مېنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خىجالەتچىلىكتە قېلىشىمغا سەۋەب بولدى. ھازىرچە سىز ئەزىز دوستۇمنى كەلسۇن دېيىشىمگە بىرمۇنچە توسالغۇلار بار. مەۋلانا قۇداشىنى [ ئىككى ] يۈز كىشى بىلەن خىزمىتىڭىزگە ئەۋەتتىم. ياركەندكە قايتىپ كەلگەن مۇلازىملىرىڭىزنىڭ ھەممىسى خىزمىتىڭىزگە بارسۇن.» دەپ، ئۆزرە سوراپ، پۇشايمانلار ئىزھار قىلىپ، ماڭا بىر ئات ۋە بىرقانچە تۇرلۇك سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپتۇ.

بۇ سۆزدىن كۆڭلۈمگە يېڭىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. [ پېقىر يەنىلا ئۇنى ئارقا تېرىكىم دەپ ھېسابلىدىم. ] تىبەتنىڭ كۆپىنچە يەرلىرى يەنە ئىتائەت قىلدى. شۇ ئەسنادا مەۋلانا قۇداش يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئابرۇيلۇق مۇلازىملىرىدىن بىرنەچچە كىشى ھەمراھ بولۇپ كەلدى. بۇ جامائەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، كەشمىر چېگرىسىغا تۇتاش بولغان بالتىغا يۈرۈش قىلدۇق. پۇتكۇل بالتى ۋىلايىتى قارار قىلىنغان سېلىق مالنى تەخىرسىز ۋە كەم - كۈتىسىز ھالدا تولۇق تاپشۇردى.

سۈرۈ بالتىدا ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە پۇختىلىقى بىلەن تونۇلغان جاي ئىدى. مەۋلانا قۇداش سۈرۈنىڭ بېرىدىغان مېلىنى بېرىپ ئېلىپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ رۇخسەت سورىدى. پېقىر رازى بولمىدىم. چۈنكى، ئۇ يەردىكى كاپىرلاردىن ھېچبىرىنىڭ بىزنىڭ ئۇ يەرنى بېرىپ كۆرۈشىمىزگە رازى ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. سۈرۈ خەلقىمۇ كۆپ ئىلتىجالار قىلىپ يالۋۇرۇپ:«قارار قىلىنغان مالنى مۇشۇ يەرگە ئۆزىمىز ئەكىلىپ بېرىمىز، مەۋلانا قۇداشنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ جاپا تارتىشىنىڭ كېرىكى يوق» دەپ تۇرىۋالدى. لېكىن، تەقدىر ئۇۋچىسى، شۆھرەتپەرەسلىك يەمچۈكىنى ئەجەل قاپقىنىغا قويغاندا، ھەرقانداق زېرەك قۇشمۇ ئۇ قاپقاندىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. **بېيىت:**

*[ئانچە نەسىب ئەستە نەكەم مىدەھەند،*
*گەر نەسىتانى بەستەم مىدەھەند.*

تەرجىمىسى:

*ئۆز نېسىۋەڭ ئۆز پېتىچە بېرىلۇر،*
*ئالمىساڭمۇ زورلۇق بىلە بېرىلۇر.]*

مەۋلانا قۇداش پېقىرنىڭ توسقىنىمغا ئۇنىماي، قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇپ، رۇخسەت ئېلىپ كەتتى. سۇرۇ خەلقى ئۇنى تار جىلغىدا قىستاپ، جەڭ ـ جىدەلسىزلا يېگىرمە تۆت مۆتىۋەر باھادىر بىلەن بىللە شېھىت قىلىپتۇ. بىزنىڭ لەشكىرىمىز يەتتە يۈز كىشى ئىدى. لېكىن، جەڭ ئەسلىھەلىرى يېتىشمىگەنلىكتىن، سۇرۇلۇقلاردىن ئىنتىقام ئېلىش نېسىپ بولمىدى. نەزم:

*تۇ بەئەنجام كارى خۇش نەگەر،*
*تا نەباشەد بەجانەت ھېچ خەتەر.*
*قۇۋۋەتى ئىنتىقام ئەگەر نەبۇد،*
*ھەمچۇ مارى بىخۇد ھېچ دىگەر.*

تەرجىمىسى:

*پۈتمىسىمۇ ئىشلىرىڭ ياخشى ئەگەر،*
*يەتمىسۇن ئەزىز جېنىڭغا ھېچ خەتەر.*
*ئىنتىقامغا قۇۋۋىتىڭ يەتمىسە، كۈت،*
*خۇددى بىر بىھۇش ئىلاندەك قىل سۈكۈت.*

ئېغىزلىرىمىز ئىلانىڭ چىشلىرىدەك زەھەرگە تولغان، قەھرىلىك يۈرەكلىرىمىز ئىلانىڭ ئۆتىدەك ئېزىلگەن ھالدا، ] بالتىدىن تىبەتنىڭ زەڭگىسكار نامىلىق ۋىلايىتىدىگە باردۇق. بىز ئۇ يەرگە بارغاندا ئېكىنزاردىكى زىرائەتلىرى تېخى پىشمىغان ئىكەن. بىز بارغاندىن كېيىن ھوسۇل يىغىدىغان ۋاقىت بولدى. ھوسۇلنى شېرىكلىشىپ ئالدۇق.

بالتى جۇلىرىدىن بىر كىشى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئېتى تەڭگى سەكەب ئىدى. ئۇ بىزگە ياخشى خىزمەتلەرنى قىلغان كىشى ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ بىزگە بىر خەۋەرچى ئەۋەتكەن ئىكەن، يېتىپ كەلدى. ئۇ: «مەۋلانا قۇداشنىڭ قاتىللىرى بولغان سۇرۇلۇقلاردىن ئۆچ ئالىدىغان ۋاقىت كەلدى. بېرىپ ئۇلارنى چاپقۇن قىلىپ، ئەھلى ئايالىرىنى ئەسىر قىلىپ، ئەرلىرىدىن قىساس ئېلىپ كېلەيلى» دەپ خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. رايىم شۇ-

نىڭغا قارار تاپتىكى، لەشكەرنىڭ ئاتلىرى ئاجىز، ماغدۇرى يېتەرسىز بولغان بىر
قىسمىنى دەرھال ئىلغاپ، ئۇلارنى مارىيۇلغا قايتۇردۇم. چۈنكى، قالغانلار بىلەن تېز-
لىكتە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. مارىيۇلغا بارىدىغانلارغا تاغامنىڭ ئوغلى مەھمۇد مىر-
زىنى قوشۇپ بەردىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك يولى خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار ئۇ
خەتەرلىك يەردىن ئۆتۈپ، كېچىسى بىر يەرگە چۈشۈپ، ئېتىنى ئۆزى ياتقان يەرگە يې-
قىن باغلاپ قويۇپ، ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئات ئوتلاپ، مەھمۇد مىرزىنىڭ قېشىغا يېقىن
بارغانىكەن، مىرزا ئاتنى يېقىن كەلمىسۇن دەپ، ئاۋاز چىقىرىشىغا ئات ئۇنىڭ پېشانى-
سىگە تەپكەنىكەن، ئاتنىڭ تۇيىقى ئۇستىخاننىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەتىسى
مەھمۇد مىرزا مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ جاراھىتىنى كۆردۈم، بېشىنىڭ
سىنغان ئۇستىخىنىنى موغۇل جەرراھلىرىدىن بىرى بىلەن بىرلىكتە تېڭىپ، داۋالاشقا
كىرىشتۇق. ئاندىن بۇ ۋەقەنى تەڭرى سەكەبكە خەۋەر قىلدىم. تەڭرى سەكەپ جاۋابەن:
«ھەزرىتىڭىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزگە بىرمۇنچە توسالغۇلار پەيدا بولدى. ئەگەر بىر
قىسىم لەشكەر ئەۋەتسىڭىز، سورۇنى ئېلىپ، غەنىيمەت ماللارنى ھوزۇرىڭىزغا ئەۋەتى-
مەن. بۇ خىزمەتنى قولۇمدىن كېلىشىچە بەجا كەلتۈرىمەن» دەپ خەۋەر بەردى. زەڭگى-
كار پېقىرنىڭ ھازىرقى تۇرالغۇ يېرىم ئىدى. بۇ يەردىن تەڭرى سەكەپنىڭ يۇرتى سۈت
دېگەن يەرگىچە بەش كۈنلۈك يول ئىدى. مەۋلانا مۇھەممەد قارا تاغىمنىڭ تىبەت جۇلىرى
بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئابرۇيلۇق شاگىرتلىرىدىن نۇرئەلى دىۋانە
بۇ قېتىم يولدىن يېنىپ كەلگەنلەردىن ئىدى. پېقىر بۇ ئىككۆيلەننى يەتمىش كىشىگە
باش قىلىپ، تەڭرى سەكەبنىڭ قېشىغا ئەۋەتتىم.

ئۇ يەرگە ئەلچى ئەۋەتىش پىكرىنى قىلىپ بولغۇچە ئىككى ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەت-
تى. مەھمۇد مىرزىنىڭ يارىسىمۇ ياخشىلاندى. ئەمما، ھاۋانىڭ سوغۇقلىقىدىن زەڭگى-
كاردا تۇرۇشىمىز قىيىنلاشتى، ئامالسىز مەھمۇد مىرزىنى مارىيۇلغا يولغا سالدىم. پې-
قىر مەھمۇد مىرزا سالامەت يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاندىن سورۇغا بېرىش نىيىتىدە
رەڭگىسكاردا تۇردۇم.

مەھمۇد مىرزا بېشىغا ئات تەپكەن يەرگە يېتىپ كېلىپتۇ، كېچىسى ئۇ يەردە قو-
نۇپتۇ، ئەتىسى بېشىغا مەلھەم قويۇش نىيىتىدە تېڭىقنى ئېچىپتۇ؛ ھاۋا ناھايىتى سو-
غۇق بولغاچقا، جاراھەتلەنگەن مېڭىگە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپ، ئارقا - ئارقىدىن ھوشى-
نى يوقىتىپتۇ. ناماز پېشىن ۋاقتىدا پېقىرنىڭ يېنىغا كىشى كېلىپ، بۇ ئەھۋالدىن
خەۋەر بەردى. پېقىر تېزلىكتە ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدىم، تاڭ كېچىدە يېتىپ بار-
دىم، قارىسام ھوشسىز يېتىپتۇ؛ ئەتىسى ھوشىغا كەلدى ۋە تولۇق سېزىم پەيدا بولدى.
ئىككىنچى كۈنىمۇ سەزگۈلىرى جايىدا بولدى. ئۈچىنچى كۈنى جۆيلۈپ، قالايمىقان سۆز-
لىگىلى تۇردى، كېچىنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئۆتكەنىدى، [ تىرىكلەر سۆھبىتىدىن تو-
يۇپ، ئۆلۈكلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن ] باقىي ئالەمگە قاراپ سەپەر قىلدى.

رەشىد سۇلتان گوياكى مېنىڭ كۆز قارچۇقۇمدەكلا ئىدى. ئۇ زالىمنىڭ كىرپىكى-
دەك قىلىچلىرى بىلەن تاغامنى ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، جان ۋە يۇر-

كىمنى جاراھەت قىلدى. بۇ جاراھەتلەر تېخى ساقايماي تۇرۇپلا، مەھمۇد مىرزا قازاغا دۇچار بولدى. بۇ پەلەك جاپاكارلىق، ۋاپاسىزلىق ئويۇنلىرىنى رەشىد سۇلتانغا ئۆگەتتىمۇ ياكى رەشىد سۇلتاندىن ئۆگەندىمۇ؟ بىلمىدىم. بېيىت:

*ئان جەفا پېشەكى سەد داغى جەفا سۇختە بۇد،*
*يا رەب، ئەن جەۋرۇ جەفا رازكى ئامۇختە بۇد.*

تەرجىمىسى:

*ئۇ جاپاكار كۆيدۇرۇپ، قىلدى جاراھەت تەنلىرىم،*
*ئەي خۇدا، كىمدىن ئۆگەندى بۇ ھۈنەرنى، بىلمىدىم!*

ئاشۇ كۆيدۇرگۈچى ئوتلۇق جاراھەت داغلىرى ئۈستىگە تەقدىر يەنە يارقىن يۇلتۇزلار كەبى جاراھەت چوغلىرىنى تۆكتى. تېنىمدىكى كۆيۈك يارىلىرى ئاز كەلگەندەك، بۇ يارىلارنىڭ ئۈستىگە ۋاپاسىزلىق ۋە زۇلۇم قىلىچلىرى بىلەن ئەبدۇللا مىرزىنىڭ ئازاپ يارىسىنى قوشۇپ، بۇرۇنقى جاراھەتلەرنىمۇ تىرناپ ئېچىپ، ئېچىشتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن تۇز سەپتى. بېيىت:

*مەرا خۇد دىلى دەردمەند ئەستۇ رىش،*
*تۇ نەيىنزەم نەمەك جەراھەت مىبىش.*

تەرجىمىسى:

*يۈرەك دەرد ـ ئازاب تىغلىرىدىن زىدە،*
*ئېچىشقان يارامغا تۇز سەپمەك يەنە.*

يا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىگۈدەك قۇدرەتلىك قول يوق، ياكى نالە ـ پەريادىمغا يېتىپ، ئۇنىڭ زۇلۇملىرىدىن قوغدايدىغان كۈچلۈك ھىمايىچىم يوق، رۇبائىي:

*فەريادۇ فىغان زى دەستەت، ئەي چەرخى فەلەك،*
*نې ئەھلى ۋەفا شىناسى، نې ھەققى نەمەك.*
*كارەست ھەمە ئازار دىلى زارى مەنەست،*
*دەر پېشى تۇ يەكسان ھەمە شەيتانۇ مەلەك.*

تەرجىمىسى:

*ئەي چەرخى پەلەك، دەستىڭدىن يۈز ئاھۇ پىغان،*
*تۈزكۈر كىم، ۋاپادار كىم؟ تونۇمايسەن ھامان.*
*دەردمەن دىلىمغا ئازار بېرىشتۇر ھەممە ئىشىڭ،*
*ئالدىڭدا پەرىشتە بىلەن شەيتان يەكسان.*

تەقدىرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدىكى ھەربىر بالا ـ قازانى كۆرۈپ، ] ئۆمرۈمنىڭ مۇددىتى ئوتتۇزدىن ئۆتۈپ، تېخى قىرىققا يەتمىگەنىدى، پەلەكنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى ۋە بالا ـ قازالىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا بىراقلا ھۇجۇم قىلدى. بېيت:

*مەھمىل ھەمىن بەسىنەئى ۋەيرانى ما كۇشاد،*
*ھەر كارۋانى غەمكى رەسىد ئەز دىيارى ئىشق.*

تەرجىمىسى:

*ئىشق دىيارىدىن يېتىپ كەلگەن جىمى غەم كارۋىنى،*
*يۈكىڭنى چۈشۈرۈڭ ۋەيرانە كۆكسۇم ئۈستىگە.*

ھەربىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ۋە يۈز بېرىدىغان يېڭى ۋەقەلەرنىڭ يۈزەگە چىقىشىنىڭ ھېچبىر سەۋەب ۋە توختالغۇسىنىڭ بولماسلىقىدا مىڭلىغان سىر ـ ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان. بەخت ـ تەلەي دەرىخى بەرىكەتلىك باھارنىڭ كېلىشى بىلەن چېچەك ئېچىپ، ئىللىق ۋە راھەت بەخش كۆكلەمدە مول مېۋە بېرىدۇ؛ كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سوغۇق شامال يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ياپراقلىرى تۆكۈلىدۇ؛ قىش ئايلىرىنىڭ سوغۇقى مېۋە دەرىخىنىڭ قۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ـ دە، سائادەت كۆكلىمىنىڭ مەيىن شامىلى ئەسكەندە ئۆتكەنكى مېۋىنىڭ ئورنىغا يېڭى مېۋە پەيدا بولۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلايدۇ. بۇ مەنىلەر كۆرۈنۈشكە پاراسەت كۆزى بىلەن قارىغان چېغىمدا، ۋاقتى يەتكەندە دەرەخ مېۋىسىنىڭ شاخ ئۈستىدە ئۇزاق تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يوقلۇق تۇپرىقىغا چۈشمەسلىككە ئامالى قالمايدىغانلىقىنى تەجرىبە كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ، بىلدىم. شۇڭا: «بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز» ①. «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» ② دېگەن ئايەتنى ئوقۇدۇم.

شۇ ئارىدا سۇرۇغا ئەۋەتكەن كىشىلەر ئىچىدىن بىر ئادەم قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ

---

① «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 155 ـ ئايەتنىڭ باش قىسمى.
② «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 156 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى.

خەۋەر قىلىشىچە نۇرئەلى دىۋان ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مەۋلانا قارا تاغىنى تۇتقۇن قىلىپ، باغانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. باغان تىبەت ۋىلايەتلىرىدىن بىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئاشۇ مەۋلانا دەرۋىش مۇھەممەد قارا تاغى بىر يەردە ھىيلە ئىشلىتىپ، يارىلاندۇرۇپ، ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانىدى. بۇ مۇسۇلمانلار مەۋلانانى ئاشۇ كاپىرغا سوۋغات قىلىپ تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىشىپ، ياركەندكە مېڭىشىپتۇ. ئۇ كاپىر مەۋلانانى مىخلاپ ئۆلتۈرۈپتۇ. سۇرۇنىڭ ئىشلىرى شۇ سەۋەبتىن توختاپ قالدى.

پېقىر مەھمۇد مىرزىنىڭ جىنازىسىنى مارىيۇلغا ئېلىپ كەلدىم. ئاندىن ئۇ يەردىن ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ زىيارەتگاھى جايلاشقان قەشقەرگە ئەۋەتتىم. بۇ ئىش ئەقرەب① پەسلىنىڭ بېشىدا يۈز بەردى. تىبەتتە سوغۇق چۈشۈشكە باشلىغاندا مارىيۇلغا كەتتۇق. شۇ زىمىستاندىن تاكى باھارغىچە بولغان ئارىلىقتا شۇ قەدەر قىيىنچىلىق ۋە كۈلپەتلەرنى چەكتۇقكى، ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلساق ئاشۇرۇپ، مۇبالىغە قىلغاندەك تۇيغۇ بېرىشى مۇمكىن.

باھار كېلىشى بىلەنلا، ئاتلارنى بېقىش ئۈچۈن يەتمىش كىشى بىلەن تاغنىڭ ئېتىكىدىكى ئوتلۇق دېگەن يايلاققا باردۇق. بۇ يەر تىبەتتىكى ئوت-چۆپلىرى مول بولغان مەشھۇر يايلاق ئىدى. شۇ يەردە قۇلان ۋە ياۋا قوتاز ئوۋلاپ يەپ، كۈن ئۆتكۈزدۇق. ئىسكەندەر سۇلتاننى بىر قىسىم جامائەت بىلەن مارىيۇلدا قالدۇرۇپ قويغانىدىم، ھەممەيلەننى بىر يەرگە يىغىپ، مۇشۇ يەردە تۇردۇق. ئاتلارمۇ سەمىرىپ، قۇۋۋەتلەندى. ئادەملەر پالاكەت ۋە ئازاپقا چىداشلىق بېرەلمەي، بىراقلا پىتىراپ، ياركەندكە كەتتى. ئۇلاردىن ئەللىك ئادەم قالدى. باشقىلىرى قېچىپ كەتكەنىدى.

شۇ چاغدا جانئەھمەد ئاتاكا ياركەندتىن كەلدى. ئۇنى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇرۇسەك يۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن چېغىمدا، رەشىد سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنىدىم، بۇ ھەقتە ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتۈلگەنىدى. جانئەھمەد ئاتاكا بۇ قېتىم ياركەندتىن بىزنىڭ تىبەتتە تۇرماسلىقىمىز ھەققىدىكى يارلىقنى ئېلىپ كېلىپتۇ. بۇ يەردە بۇنداق ئۇزۇن ساقلاپ تۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ئەگەر ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بىر تەرەپكە كەتكەن بولسام، ئۇ چاغدا ئىمان بىلەن مۇستەھكەملەپ، ئاللاھنى شېپى كەلتۈرۈپ قىلىشقان ۋەدە-قەسەملەرنى بۇزغانلىق گۇناھىنى دەرھال پېقىرغا يۈكلەپ قويغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزى ئارىمىزدىكى ھەممە ۋەدە-كېلىشىملەرنى بۇزۇپ، كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى ۋەدىسىدە تۇرغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ كەلگەنىدى؛ مانا ھازىر ھەممە يوللارنى توسۇپ، ئەسكەرنى تارقىتىۋېتىش توغرىلىق يارلىق ئەۋەتىپتۇ. نەزم:

*شاھا زى كويى تۇ ئان دەم رەفتەم،*

---

① ئەقرەب — 1) چايان؛ 2) كونا ئاسترونومىيىدىكى 12 بۇرۇجىدىن بىرى.

سەۋگەند بەگەردەنى تۇ شاندەم رەفتەم.
سەۋگەندۇ ئۇھۇدرا چۇن بەشكەستى،
ئان جۇملە بەگەردەنى تۇ ماندەم رەفتەم.

تەرجىمىسى:

ئەي شاھ، سېنىڭ كوچاڭدىن شۇئان كەتتىم،
شۇ ۋەدە ـ قەسەملەرنى قىلىپ ئارمىغان، كەتتىم.
سۇنغان ئاشۇ بارلىق بىچارە قەسەملەرنى،
بوينۇڭغا سېنىڭ يۈكلەپ قويۇپان كەتتىم.

جانئەھمەد ئاتاكا بىزگە قوشۇلغاندىن كېيىن، بەدەخشانغا قاراپ يول ئالدۇق.]

## بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ تىبەتتىن بەدەخشانغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بايانى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يەتتە يۈز كىشىدىن ئەللىك كىشى قالدى. باشقىلىرى ياركەندكە قېچىپ كەتتى. تىبەت ۋىلايىتىنىڭ ئوت ـ چۆپىنىڭ كەملىكى، ھاۋاسىنىڭ بەك سوغۇقلۇقى، يولىنىڭ مۇشكۇللىكى تۈپەيلىدىن، كەتمەكمۇ ئىنتايىن تەس، تۇرۇش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. [ ھەممە قىيىنچىلىق شۇ دەرىجىدە زىيادە ئىدى-كى، ئۇنى كىشىنىڭ ساغلام تەبىئىتى قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيتتى، بەلكى بۇ مۇشكۇل-چىلىكلەر بارلىق كۈچ ۋە ئىقتىدارنى خورىتىپ تۈگەشتۈرىدىغان دەرىجىدە ئىدى. ئو-زۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، قىسقىسى بۇ يەرنىڭ يولى ئۈچۈن زۆرۈر كېرەكلىك بولغان ئاتنىڭ تاقىسىنىمۇ تېپىش مۇمكىن بولمىغانلىقى، ئات ئۇلاغلارنىڭ كەملىكى ۋە بارلىرىنىڭ ھېرىپ، كۈچ ـ ماغدۇرىدىن كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، تىبەتتە بۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى قالمىدى. مىسرا:

نە رويى رەفتەنۇ نە رايى بۇدەنۇ چە ھالەت ئىن

تەرجىمىسى:

*نە گەمۇال بۇ: كېتىشكىمۇ، تۇرغىلىمۇ بولمايدۇ.*

بۇ يەردە تۇرۇش ياكى كېتىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. كەتكەن تەقدىردە بىر ئاماللارنى قىلىپ يۈرۈپ، بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئاخىرىغا يېتىشتىن ئۈمىد بار، ئەگەر تۇرۇپ قالغاندا، بۇ مۇشكۇلچىلىكلەرنىڭ ئاخىرلىششىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مىسرا:

*فەريادكى، ئالتە تەرەفتىن يولۇم باغلاندى!*

كەشمىر، قەشقەر، تۇرفان، ھىندىستان قاتارلىق يەرلەرگە بېرىشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. پەقەت بەدەخشان تەرەپتىنلا ياخشىلىق ئۈمىدى بار ئىدى. تىبەتتىن قەشقەرگە كىرمەستىنلا بەدەخشانغا بارغىلى بولىدىغان يولنى بۇ يەردە ھېچكىم بىلمەيتتى. ياركەندكە قېچىپ كەتكەنلەر ئىچىدە جەھانشاھ ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ياركەند تاغلىقلىرىدىن ئىدى. ئۇ:«تاغاناق دېگەن يەردە بەدەخشان پامىرىغا بارغىلى بولىدىغان بىر يول بار» دېگەنىدى. ئۇ يولنى سوراپ، ئېنىقلىۋالغانىدىم. ئامالسىزلىقتىن ئاشۇ كۆرمىگەن يول بىلەن بەدەخشانغا قاراپ يۈزلەندىم. بېيىت:

*راھىكى نەبىنەدۇ نەدانەد،*
*ئايا، بەچۈنىن رەھى نەتۋان رەفت.*

تەرجىمىسى:

*ئالدىمدا ھېچ كۆرمىگەن، بىلمىگەن يول تۇرۇپتۇ،*
*بۇ يول بىلەن مەنزىلگە بولارمىكىن يەتكىلى.*

پېقىر بىلەن قالغان ئەللىك كىشىدىن بىرقانچىسىنىڭ كۆچ ـ ماغدۇرى بولمىغانلىقتىن تىبەتتە قالدى، يىگىرمە يەتتە كىشى بىلەن يولغا چىقتۇق. بىزدە سەپەر جابدۇقىمۇ يوق، ئاتلىرىمىزدا ماڭغۇدەك كۈچ يوق ئىدى. يول ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى. سۇمبۇلە مەزگىلى بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا سوغۇق ئىدى. بىز كۆن ئۇلتۇراي دېگەن چاغدا قاراقۇرۇم دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە بىر ئېقىن سۇ بار ئىكەن. پۈتۈنلەي مۇزلاپ كېتىپتۇ، بىرنەچچە يەرنى تېشىپ كاچكۇل ئاچقان بولساقمۇ بىر تامچە سۇ چىقمىدى. ئاتلار ئۇسسۇز ئىدى، بۇ يەرگە كەلگەندە ھالسىزلىنىپ يىقىلدى، ئارپا بەرگەن بولساقمۇ، ئۇسسۇز بولغانلىقتىن يېمىدى. جان ئەھمەد ئاتاكا:

بىر ۋاقىتلاردا بىر بۇلاق كۆرگەنىدىم، دەپ، بىزنى باشلاپ ماڭدى. بىر يېرىم فەرسەڭ يەرگە بارغانىدۇق، شۇ يەردە مۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاينى كۆرسەتتى. ئۇ مۇزنى تەشكەنىدۇق، سۇ پەيدا بولدى. ئاتلارنى سۇغاردۇق. [ بىر يارىملىق خېچىر بار ئىدى. ئۇ ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، كېرەكلىك يۈكتاقلار شۇنىڭغا ئارتىلاتتى. ئۇسسۇزلۇق تۈپەيلىدىن بۇ جانۋارنىڭ چىشلىرى ناھايىتى چىڭ كىرىشىپ كېتىپتۇ. ھەرقانچە ئۇ - رۇنۇپ، سايە - سەۋەب قىلىپ باققان بولساقمۇ، سۇ ئىچەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئارتىلغان يۈك شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇلدى. دېمەك، بۇ يولنىڭ جاپاسى شۇ دەرىجىدە شىددەتلىك ئىدى.] مىسرا:

*مۇسۇلمان نەشنەۋەد، كافىر نەبىنەد.*

تەرجىمىسى:

*مۇسۇلمان ئىشتىمىسۇن، كاپىرمۇ كۆرمىسۇن.*

شۇنچىۋالا مۇشەققەتلەر بىلەن ئاخىر بەدەخشانغا ئايرىلىدىغان يول ئۈستىگە يېتىپ كەلدۇق. ئىسكەندەر سۇلتان مەندىن ئىجازەت سوراپ:

مەن رەشىد سۇلتاننىڭ يېنىغا بارىمەن، چۈنكى مەن بارسام، ئۇنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى ئويغىنىپ، ھۇماي قۇشىدەك شەپقەت ۋە مەرھەمەت سايىسىنى سالار. [ ئاداش - قانلىقتىن ئۆزگەن مېھىر - مۇھەببەتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆڭۈل يارامىغا مەل - ھەم ياپار] ،دېدى. پېقىر ئۇنىڭغا:

سىزنىڭ بۇ قېرىنداشلىقىڭىز ئاللاھ تەرىپىدىن پەرز قىلىنغان مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئاساسى بولغان مېھىر - شەپقەت ۋە قېرىنداشلىقتىمۇ تازا چىڭ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ قى - لىۋاتقان قىلمىشلىرىدىن كۆڭلى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلىنىڭ قارىلى - قىغا ناپاك ۋۇجۇدى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىۋاتقان مۇھەممەدى بارلاسنىڭ شەيتانلىقلىرى ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنياغا بەك بېرىلىپ كەتكەن كىشىدە ۋاپا بولمايدۇ، ئۇنىڭ مەيلى زاھىرىدا، مەيلى باتىنىدە ساپا يوقتۇر. ۋاپا ئەھلىگە جەۋرۇ جاپادىن باشقىسى نېسىپ بولمايدۇ، دەپ، مۇشۇ مەزمۇندا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدىم. رۇبائىي:

*دەردۇنياۋۇ ئەھلى ئۇ ۋەفايى نەبۇد،*
*دەر زاھىرۇ باتىنەش سەفايى نەبۇد.*
*ئەز ھەمچۇ كەسى بەھالى ئەربابى ۋەفا،*

*غەير ئەز سىتەمۇ جەۋرۇ جەفايى نەبۇد.*

تەرجىمىسى:

*دۇنيا بىلەن دۇنيا ئەھلىدە ۋاپا يوق،*
*زاھىرىدىمۇ باتىنىدىمۇ ساپا يوق.*
*نەزەر سالساڭ ۋاپا ئەھلىنىڭ ھالىغا،*
*ئۇلارغا زۇلۇم جاپادىن ئۆزگىسى ئەسلا يوق.*

بىراق، يولنىڭ مۈشكۈلاتلىرى تۈپەيلىدىن تەڭلىكتە قالغانلىقى ئۈچۈن، توغرا يول ئۇنىڭ پاراسەت كۆزىدىن چەتتە قالغانىدى. شۇڭا، ياركەندكە بېرىشقا كۆپتىن كۆپ كۈچەپ، رۇخسەت تەلەپ قىلدى. ئىلاجىسىز ئىسكەندەر سۇلتانغا تۆت كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، ئىجازەت بەردىم. يىگىرمە يەتتە كىشىدىن بۇ بەش كىشى ياركەندكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

پېقىر يىگىرمە ئىككى كىشى بىلەن ئاشۇ كۆرمىگەن يولغا كىردىم. [ تاقىسى بولمىغانلىقتىن، بىرنەچچە ئات تېيىلىپ كېتىپ يىقىلدى. ئىسكەندەر سۇلتان بىزدىن ئايرىلغان كۈنى پېشىن ۋاقتىدا بىر ياۋا قوتازنى ئۆلتۈردۇق. ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئاتلارنىڭ پۇتىغا پايپاق ياسىدۇق، گۆشىدىن ئالالىغىدەكنى ئالدۇق. چۈنكى بىزدە ئوزۇقلۇققا ئارپىنىڭ تالقىنىدىن بىر - ئىككى كۈنگىلا يەتكۈدەك قالغانىدى. بۇ قوتاز رىزقىمىزنى بەرگۈچى تەڭرىنىڭ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بىر نېمىتى بولدى. يول ئوزۇقىنى ئات - ئۇلاغلىرىمىز كۆتۈرەلىگۈدەك ئالدۇق. تەخمىنەن بەش كۈنلۈك ئوزۇقىمىزغا يەتكۈدەك ئالغانىدۇق. قوتاز گۆشىنىڭ ئاران تۆتتىن بىرىنىلا ئالالىپتىمىز، قالغان قىسمى شۇ يەردە قالدى. ئۇنى ئېھتىمال شۇ تەۋەدىكى سار، قارغا - قۇزغۇن قاتارلىق ئوۋ قۇشلىرى پۈتكۈل دالانى بېشىغا كىيىپ قاقىلدىشىپ، تالىشىپ يەپ، بىر ھەپتىگىچە توي ۋە بەزمە قىلىشقاندۇ. شۇ كۈنى بىز پەرەز بىلەن قىياس قىلىپ يول يۈردۇق. ئىككىنچى كۈنى تېخىمۇ يوغان بىر قوتازنى ئۆلتۈردۇق. بېيت:

*دىگەر روز بەئەز ئىتتىفاق ئۇفتاد،*
*كى روز رەسان قۇتى روزەش داد.*

تەرجىمىسى:

*ئىككىنچى كۈنى بىز ئۈچۈن يەنە ئىگىمىز،*

يەتكۈزدى تەرىكلىك ئۈچۈن يەنە رىزقىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتقان جەھانشاھنىڭ دەپ بەرگىنىگە قاراپ، يەنە ئالتە كۈندىن كېيىن بىر ئاۋات يەرگە يېتىمىز دەپ مۆلچەرلىگەنىدىم. [ ئىسكەندەر سۇلتاندىن ئايرىلىپ ] ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، چاشكا ۋاقتىدا [ بىر مەھەللىگە يەتتۇق. ] بىر نەچچە ئۆيلۈك كىشى بىزنى قارشى ئېلىپ ئالدىمىزغا چىقتى ۋە خۇشاللىق ئىزھار قىلىشتى. ئۇلاردىن بەدەخشاننىڭ يولىنى سورىغانىدىم، ئۇلار:

بۇ جىلغىنى راستكام دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىن پامىرغىچە بەش كۈنلۈك يول، ھەر بىر مەنزىلدە ئادەم بار، دېيىشتى.

بىز بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەچچە يىلدىن بېرى تارتقان مېھنەت - مۇشەققەتلەرنى ئۇنتۇپ، راھەتلىنىپ ئارام ئالدۇق. ئۇلار ھېرىپ كۆچمەدىن قالغان ئاتلىرىمىزنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ قاۋۇل ۋە كۈچلۈك ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى. يېمەك - ئىچمەكىمىزنى تەييارلاپ بەردى. ئۇ كىشىلەردىن ھەرقايسىسى پېقىرنى كۆرسە، ئىختىيارسىز ھالدا كۆز يېشى قىلاتتى.

تۆت يۈز يىللىق پادىشاھلىرىمىزنىڭ ئەۋلادىدىن پەقەت سىزلا ھايات قېلىپسىز. ھەممىمىز سىزگە پىدا بولايلى، پۈتكۈل مال - مۈلكىمىز سىز ئۈچۈن سەدىقە بولسۇن ! دېيىشتى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا.

پېقىر ھەربىر يۇرتقا يەتسەم، شۇ يۇرتتىكى خەلق پېقىرغا پۈتكۈل ئائىلىسى بىلەن ھەمراھ بولاتتى. ئۇلار بىزنى بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە يۈزلەرچە ئىززەت، مىڭلارچە ئىكراملار بىلەن پامىرغا يەتكۈزدى. [ ئۇلار بىزگە ھەمراھ بولۇپ، بەدەخشانغىچە بىللە بارماقچى ئىدى، بىز ئۇلارغا قايتا - قايتا سۆزلەپ ئاران كۆندۈرۈپ، ] قايتىشقا ئىجازەت بەردۇك. ئۆزىمىز بەدەخشانغا يۈردۇق.

نەچچە كۈندىن كېيىن بەدەخشانغا يېتىپ باردۇق. مىرزاخاننىڭ ئوغلى سۇلەيمانشاھ مىرزىنىڭ مەنزىلىگە باردۇق. مىرزاخان پېقىرنىڭ ھامامىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ توغرىلىق ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئاخىرى توغرىلىق ئىلگىرى بىرنەچچە يەردە زىكىر قىلىنىپ ئۆتتۇلدى. سۇلەيمانشاھ مىرزا بىزنى قارشى ئېلىپ، ئىستىقبالىمىزغا چىقتى ۋە قولىدىن كېلىدىغانلىكى خىزمەتلەرنى قىلىچە كەمچىلىكسىز بەجا كەلتۈردى. ئاشۇنچىۋالا مۇشكۇلاتلاردىن كېيىن بۇ يەرگە يەتكىنىمىز ئۈچۈن، ئاشۇنداق ھالاكەتلىك خەۋپ - خەتەردىن خالاس بولۇپ، بۇنداق خاتىرجەم ئەھۋالغا يەتكىنىمىز ئۈچۈن تەڭرىمگە يۈزمىڭ تەشەككۈرلارنى ئېيتتىم. مىسرا:

*مۇردە بۇدەمكى خۇدا جانى نەۋى داد مەرا.*

تەرجىمىسى:

*مۇردا بولغانتىم، خۇدا يەتكۇزدى يېڭى جان ماڭا.*

ئىلگىرى كۇپپارلارنىڭ ئىلىدە مىڭ قېتىملاپ شۇنداق دېگەندۇق، بېيت:

*بەر سەرى كويى رەقىبان زىكرى ئان مەھ چۇن كۇنەم،*
*كافىرىستانەست ئان جا، ئەللاھ، ئەللاھ چۇن كۇنەم.*

تەرجىمىسى:

*ئۇ گۇزەلنى ئەسلىدىم رەقىپ يولىنىڭ باشىدا،*
*كاپىرىستاندۇر بۇ يەر، ئاللاھ، ئۆزۈڭ بەرگىن پانا.*

بىز مانا ئەمدى مۇسۇلمانلار دىيارىغا يەتتۇق. رۇبائىي:

*مەن بى تۇ دەمى قەرار نەتۋانەم كەرد،*
*ئېھسانى تۇرا شۇمار نەتۋانەم كەرد.*
*گەر بەرتەنى مەن زەبان شۇد ھەر مۇيى،*
*يەك شۇكرى تۇ ئەز ھەزار، نەتۋانەم كەرد.*

تەرجىمىسى:

*قانداقمۇ سېنىڭسىز سەۋر - قارار قىلغايمەن،*
*ئېھسانلىرىڭنى قانداق ھېسابلاپ بولغايمەن.*
*تېنىمدىكى ھەربىر تۈك ئەگەر بىردىن تىل بولسا،*
*مىڭ رەھمىتىڭدىن بىرىنى ھەم دەپ بولالمايمەن.*

بىز بەدەخشاننىڭ چېگرىسى ۋاخان دېگەن يەرگە كەلگىنىمىزدە، رەشىد سۇلتاننىڭ بىر مۇلازىمى بىر ئىش بىلەن ئۇ يەرگە كەلگەنىكەن، مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. پېقىر تۈركىي تىلدا قىتئە ئېيتىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، رەشىد سۇلتانغا ئەۋەتتىم. تۈركىي قىتئە:

*شەرتى ئەھدۇ ۋەفاۋۇ مېھرىڭنى،*

*بارچەسىنى ئەجەب ئەدەم قىلدىڭ.*
*مەزھەبىڭدە جەفا كەرەم ئېرمىش،*
*بارىكەللاھ، بەسى كەرەم قىلدىڭ.*

**بېيت:**

*گەر بەنالەم زى دىل خارە بەرئايەد نالە،*
*ۋەر بەگىريەم زى گىل تىيرە بەرويەد لالە.*

تەرجىمىسى:

*گەر يىغان چەكسەم، ئېرىپ تاشمۇ قىلار نالە،*
*يىغلىسام، چاچار يۈزىگە قارا تۇپراق لالە.*

بۇلارنى يېزىشتىن مەقسەت جاپاكار كىشىلەرنىڭ يەتكۈزگەن ئازار - كۈلپەتلىرىدىن دات ئېيتىش ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ مۆرىتى كەلگەندە بايان قىلغان ئويلىرىمىز ئارقىلىق ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە دەلىل بولۇشتىن ئىبارەت. مەسنەۋى ①:

*سىھ كەسى را شىنۇدەمكى غەيبەت رەۋاست،*
*ۋەزىن دەر گۈزەشتەن چەھارۇم خەتاست.*
*يەكى پادشاھى مەلامەت پسەند،*
*كەزۇ بەردىلى خەلق ئايەد گەزەند.*

تەرجىمىسى:

*غەيۋەت قىلسا راۋامىش ئۈچ خىل كىشى ئۈستىدە،*
*كەچۈرسىمۇ تۆت قېتىم، خاتالاشسا ئۇ يەنە.*
*يەنە بىرى ئۇلاردىن: مالامەتخور پادشاھ،*
*خەلق ئۇنىڭ دەستىدىن كۆڭلى سۇلغۇن، چېكەر ئاھ.*

ئەگەر جاپاكارلارنىڭ جاپاسىنى بايان قىلغىلى تۇرسام ئايرىم بىر كىتاب يازسام بولىدۇ. رەشىد سۇلتانىنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتى خۇدا خالىسا، «تارىخى ئەسلى»دە

---

① پارىچە بىرىنچى نۇسخىدە «مەسنەۋى»، پارىچە ئىككىنچى نۇسخىدا «نەزم» دېيىلگەن.

بايان قىلىنغۇسى، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە تەكرار بايان قىلىش نامۇۋاپىق كۆرۈلدى.

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ ئەسنادا رەشىد سۇلتان ئۆزىنىڭ ھامىمىسى، يەنى پېقىرنىڭ ئائالىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئىسكەندەر سۇلتاننى قوشۇپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بەدەخشاندا تازا قىيىنچىلىق ۋە تەڭلىك تارتىپ تۇرۇۋاتقانىدۇق، ئۇلار چارۋا ۋە باشقا دۇنيا ئەسۋابلىرىدىن خېلى نەرسىلەرنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىكەن.

[ رەشىد سۇلتان ياخشىلىق قىلىپ، ئون ئۆيلۈك كىشىنى مال - مۈلۈكلىرى بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتكەنىكەن، ئۇلار يېتىپ كەلدى.]

دېمەك، بۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ قىشنى بەدەخشاندا تىنچ، پاراغەتتە ئۆتكۈزدۇق. باھارنىمۇ بەدەخشاننىڭ تاغ ۋە سەھرالىرىدا ئۆتكۈزۈپ، تومۇز پەسلىدە كابۇلغا كەلدۇق. [ رەشىد سۇلتان مېنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىمنىڭ ئارقىسىدىنلا، خاننىڭ قەدىرلىك ھەرىمى، پېقىرنىڭ ھامىمىنىڭ پەرزەنتى بولمىش زەينەپ سۇلتان خانىمنى، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، يەنى خاننىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئىبراھىم سۇلتاننى، مۇھسىن سۇلتاننى ۋە مۇھەممەديۇسۇف سۇلتاننى قوغلاپ چىقاردى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى كابۇلغا كېلىپ جەم بولدى. ] شۇنىڭدىن كېيىن پېقىر ھىندىستانغا قاراپ يۈردۇم؛ لاھورغا يېتىپ كەلدىم. بابىر پادىشاھنىڭ ئوغلى كامران مىرزا لاھوردا ① ئىكەن. ئۇ پېقىرنىڭ كەلگىنىمگە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ھەددىدىن ئارتۇق ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى، شاھانە ئىلتىپات ۋە خاقانلارچە مەرھەمەتلەر بىلەن ئەزىزلىدى. ئاشۇنداق ۋەھىمە - ۋەھشەتتىن كېيىن، مۇشۇنداق ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە يېتىشتۇق. [ «بوستان»دىن كەلتۈرۈلگەن بۇ بىرنەچچە بېيىت بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا ماس كەلگەچكە، بۇ يەردە نەقىل قىلىنىدۇ.

نەزمىي ھېكايەت:

*كەسى دىيد سەھرايى مەھشەر بەخاب،*
*مىسى تەفتە روي زەمىن زى ئافتاب.*

*ھەمى بەر فەلەك شۇد زى مەردۇم خۇرۇش،*
*دىماغ ئەز نەفەس مىبەر ئامەد بەھۇش.*

*يەكى شەخس ئەزىن جۇملەئى سايەئى،*
*بەگەردەن پۇر ئەز ھۇللە پىرايەئى.*

---

① موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىنىڭ بۇ قولىيازمىسىدا «كابۇلدا» دەپ يېزىلىپ قالغان، پارىسچە بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىلاردا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «لاھوردا» دېيىلگەن. تۈزىتىپ ئېلىندى.

بەپۇرسىد كەي مەجلىس ئارايى مەرد،
كى بۇد ئەندەرىن مەجلىسەت پايى مەرد.

رەزى داشتەم بەر دەرى خانە گۇفت،
بەسايە دەرەش نەكەردى بەخۇفت.

دەر ئان ۋەقتى نەۋمىدى ئان مەردى راست،
گۇناھەم زى دارايى داۋەر بەخاست.

كى يارەب، بەرىن بەندە بەخشايىشى،
كەزۇ دىيدە ئەم ۋەقتى ئاسايىشى.

چۇ گۇفتەم چۇ ھەل كەردەم ئىن راز را،
بىشارەت خۇداۋەند شىراز را.

كى جۇمھۇر دەر سايەئى ھىممەتەش،
مۇقىم ئەند بەر سۇفرەئى نىئمەتەش.

دەرخىت ئەست مەردى كەرەم باردار،
ئەزۇ بۇگزەرى مىنەرەم كوھسار.

بەسى پايدار، ئەي دەرەختى ھۇنەر،
كى ھەم مىۋە دارىيۇ ھەم سايەۋەر.

ھەتەبرا ھەمى تىشەبەر پەي زەنەند،
دەرەختى بەرۇمەندرا كەي زەنەند.

تەرجىمىسى:

قىيامەتنى كۆردى چۈشىدە بىرى،
زېمىن مىس كەبى قىززىغان كۈنلىرى.

پەلەككە يېتەتتى پىغان، نالە ـ زار،

نەپەس سىقىلىپ، بارچە ئەقىلدىن ئازار.

بىرى سايىدا گۈلتۇرار بەھۇزۇر،
پاراغەت سۈرۈپتۇ كېيىنىپ يۇزۇر.

ئۇنىڭدىن سورىدى:«ئەزىز بەختىيار،
نە ئىشتىن بۇ راھەت ساڭا بولدى يار؟»

دېدى:«تال يېتىشتۇردۇم ئۇي ئالدىدا،
ئۆتەتتى كۈنۈم كەچكىچە سايىدا.

ئەجەل يەتتى، سورىدى ئىلاھىم مېنىڭ،
ھاياتىمدا قىلغان گۇناھىم مېنىڭ.

دېدىم: ئەي ئەپۇچان، كەرەملىك ئىگەم،
پاراغەتتە ئۆتتى كۈنۈم ئاندا ھەم.»

دېمەك، بولدى سىر ئاشكار، مۇشكۇل ھەل،
شىراز ھاكىمىغا دېدى دەرمەھەل.

كى شاھلار ئۇچۇن سايىدۇر ھىممىتى،
شىجائەت ئېرۇر دائىمىي نېمىتى.
كەرەملىك كىشى ھەم دەرەختۇر گويا،
قىلۇر تاغۇ سەھرانى ئۇ خۇش ھاۋا.

ھۇنەر ھەم دەرەختۇر تولا پايدىسى،
ھۇزۇر بەرگۈسى مېۋە ھەم سايىسى.

ئوتۇن پەيلىرىن پالتا كەسكەي ھامان،
ھوسۇللۇق دەرەخنى كېسەر كىم، قاچان؟ ]

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

# يۈەن چاغدىكى تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇتلۇق ئەجدادى قارا تۇغرىسىدىكى بىر قانچە نۇقتىلارغا ئىزاھات

رەيھان قادىر

خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

## 1. چاغدىكى تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارا تۇغرىسىدىكى بايانلىرى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر نەسەبنامىسى»دا:«جيەن ئۇرۇقىنىڭ ئەسلى فامىلىسى خا (哈)، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلاردىن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر ئۇرۇق ئىدى. يۈەن تەيزۇ (چىڭگىزخان) غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتكەن بولۇپ، كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. قارا ئىسىملىك بۇ كىشى چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ تاڭغۇتلارنى بويسۇندۇرۇشقا قاتنىشىپ كۆپ قېتىم جەڭدە نۇسرەت قازانغان. مۇشۇ تۆھپىلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭغا «ھۇجۇمچى سانغۇن» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ پۈتۈن ئۇرۇق شەرققە كۆچۈپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ئەمەلدار بولغان. بۇ دەل جيەن ئۇرۇقى ئەجداتلىرىنىڭ شەرققە كۆچۈشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.



مىڭ سۇلالىسى گۈللەنگەندە ئەۋلادى باش مىڭ تەيزۇنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە ھەمدەمدە بولغان. باش باتۇر، تەدبىرلىك بولۇپ كۆپ قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلغان. مىڭ تەيزۇ ئۇنىڭ توپىلاڭ ۋە قاراقچىلارنى تەلتۆكۈس يوق قىلغانلىقىنى تار-

تۇقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا جيەن (剪) فامىلىسىنى ئىنئام قىلىپ بارشنى خەنزۇچىدا
باشى (十八) دەپ ئاتاشقا بۇيرىغان. مانا بۇ جيەن فامىلىسىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.
خوڭۋۇنىڭ 5 ـ يىلى مىڭ تەيزۇنىڭ ئۇنىڭغا «چىڭشىيالىڭ (خۇنەن ـ خۇبېي) تۇتۇقى»،
«جەنۇبنى تىنچلاندۇرۇپ دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سانغۇن»، دېگەن مەنسەپلەرنى، «ۋە-
لىئەھدىنىڭ مۇشاۋۇرى»، دېگەن نام ـ ئاتاقلارنى بېرىپ چېن چاڭ ئەتراپىنى ساقلاشقا
بۇيرۇغان. خوڭۋۇنىڭ 6 ـ يىلى خۇگۇاڭ رايونى چېن جوۋ ئوبلاستىدىكى 49 قورۇق
ھەمدە جيۇشى ۋېي، شۇيپىڭ، سەنماۋ، لۇشى قاتارلىق جايلاردىكى بەدئۇي تەبىقىلەر
بىرلىشىپ مىڭ سۇلالىسىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئەتراپتىكى جايلارغا ھۇجۇم قى-
لىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. باش خان يارلىقنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى
تىنجىتىشقا ئاتلىنىدۇ ھەمدە 48 قورۇقتىكى توپىلاڭنى تولۇق تىنجىتىدۇ. ئارقىدىنلا
يەنە توڭگۇ، ۋۇكەي، ساۋدى، تېڭلاڭ، دۇمىي، خوڭجۇ، گوجۇ قاتارلىق بەدئۇيلەرگە
ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تىنجىتىدۇ. خوڭۋۇنىڭ 15 ـ يىلى ۋۇشى رايونىدىكى ياتلار تو-
پىلاڭ كۆتۈرىدۇ. باش خاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇلارنى تىنجىتىشقا ئاتلىنىدۇ. تو-
پىلاڭچىلار جيەن (剪) خېتى كەشتىلەنگەن تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە قې-
چىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھەرقايسى يات قوۋملار مىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قى-
لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋۇشى تىنجىيدۇ. خوڭۋۇنىڭ 16 ـ يىلى باشنىڭ يات قەبىلىلەرنى
باستۇرۇشتا قازانغان تۆھپىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا «ۋەلىئەھدىنىڭ ئۇستازى»، «كېڭەش
بېگى»، دېگەن ئۇنۋاننى بېرىدۇ. خوڭۋۇنىڭ 22 ـ يىلى باش بارگاھىدا كېسەل سەۋەبى-
دىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. مىڭ تەيزۇ ئۇنى چاڭدې قورۇلىنىڭ سىرتىدىكى خۇاڭ لۇڭگاڭ-
غا دەپنە قىلىش خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. مانا بۇ جيەن ئۇرۇقىنىڭ خۇنەندە
ئولتۇراقلىشىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بارسىنىڭ بەيجۇ ئىسىملىك ئوغلى بولۇپ ئەس-
لىدە چىڭشىيالىڭ (خۇنەن، خۇبېي ۋە جياڭشى ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ) تۇتۇق مەھكىمى-
سىنىڭ باش بۇغى بولغان. ئۇ كىچىكىدىلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ يۇرۇشكە قاتناشقاچقا
جەڭ قىلىشقا ماھىر ئىدى. باش ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئۇنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق
قىلىدۇ. خوڭۋۇنىڭ 18 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خان يارلىقىغا بىنائەن ۋۇكەي، ساۋدى قاتار-
لىق قورۇقتىكى يات قوۋملارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىپ ئۇلارنى تىنجىتىدۇ. خوڭۋۇ-
نىڭ 22 ـ يىلى بەيجۇ مىڭ تەيزۇنىڭ يارلىقىغا بىنائەن يۈنەن گۇيجۇدىكى يات
قوۋملارنى ئەل قىلىشقا ئاتلىنىدۇ ھەم بۇ جەرياندا زور تۆھپە كۆرسىتىدۇ. مىڭ تەيزۇ
ئۇنىڭ تۆھپىسىگە لايىق «چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن»، «ۋەلىئەھدىنىڭ ئۇس-
تازى»، «كېڭەش بېگى»، ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇمۇ كېيىنچە ھەربىي بارگاھتا ۋاپات بول-
غان. خان ئۇنى خۇاڭ لۇڭگاڭغا دەپنە قىلىشقا خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. ئوردا
باش ئاتا ـ بالىنىڭ يات قوۋملار توپىلىڭىنى تىنجىتىش يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلى-
قى ۋە چېگرىدا ۋاپات بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ چاڭدې ياسا-
ۋۇلخانىسىنىڭ پەنسادلىقىنى ئۆتەش، يەنىلا «جيەن توغلۇقلار قوشۇنى»غا باشچىلىق

قىلىپ چاڭدېنىڭ تاۋيۇەن دېگەن يېرىگە بېرىپ ھەربىي بوز يەر ئېچىپ شۇ يەردىكى
خانلىق مەقبەرىنى قوغداش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. كېيىن يەنە تاۋيۇەن زۇشى
كەنتىدە «تۆھپە كۆرسىتىش قەسرى» سالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ساداقەتمەنلىكىنىڭ سىم-
ۋولى قىلىش خۇسۇسىدا قانۇنىي يارلىق چۈشىدۇ. بەيجۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ چو-
ڭىنىڭ ئىسمى چاڭ پۇ، كىچىكىنىڭ ئىسمى چاڭ لى ئىدى. بەيجۇ ئۆلگەندىن كېيىن
ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى چاڭ پۇ چاڭدې ياساۋۇلخانىسىنىڭ پەنسادلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. لې-
كىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراپ غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
قېشىغا قايتىپ كېتىدۇ. بارسىنىڭ ئورۇن باسار سانغۇنىمۇ چاڭ پۇغا ئەگىشىپ غەرب-
تىكى ئۇيغۇرلار يۇرتىغا قايتىپ كېتىدۇ. كەنجى ئوغلى چاڭ لى چاڭدې تاۋيۇەننىڭ تاغ ـ
دەريالىرىنى ياخشى كۆرگەچكە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ
جيەن ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي جۇڭگودىكى يات قوۋملار ئىچىگە، يەنە
بىر قىسمى ئوتتۇرا ئىقلىمغا تارقىلىپ كېتىدۇ. چاڭ لى خوگۇاڭ رايونىدىكى جيەن
ئۇرۇقىنىڭ بۇزرۇك بوۋىسى ئىدى. چاڭ لىنىڭ ئوغلى يۇەن دى، يۇەن دىنىڭ ئوغلى
چېڭ، چېڭنىڭ ئوغلى شياڭ، شياڭنىڭ ئوغلى دىڭ قاتارلىقلار چاڭدې ياساۋۇلخانىسى-
نىڭ پەنسادلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن، دىڭنىڭ ئوغلى كې قورۇقىنىڭ باسقاقلى-
قىغا چۈشۈرۈلگەن. چاڭ لىدىن كېيىنكى بەش ئەۋلادقا مىڭ ئوردىسى كۆپ قېتىم
ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ھەر خىل مەنسەپلەرنى بەرگەن بولۇپ ئەينى چاغدىكى ئىناۋەت-
لىك ئۇرۇقلاردىن بولۇپ قالغان. كېيىنكى ئەۋلادلار ئۆز ئەمىلىدىن ئايرىلىپ ئاددىي
پۇقرا بولۇپ قالغان. مىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى يو-
قالماي داۋام قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭشى قاتارلىق جايلارغا
تارقىلىپ، بەزىلىرى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ دېھقان بولۇپ كەتكەن بولسا،
بەزىلىرى سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ سودىگەر بولۇپ كەتكەن. ئۇلار ئول-
تۇراقلاشقان رايوندا ئۇرۇق بوغۇن بويىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلغان. گەرچە ئۇلار خەنزۇ تىلى ـ يېزىقىنى ئىشلەتسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە
خەنزۇلار بىلەن تويلاشمايدۇ. ھازىرغا قەدەر ئۇلار باتۇر، ئۇرۇشخۇمار بولۇپ بۇ خىل
روھ ئەجدادلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولغان» ①دەپ خاتىرىلەنگەن.

«ئۇيغۇر نەسەبنامىسى» دېگەن ئەسەر توغرىسىدا جيەن بوزەن ئۆزىنىڭ بۇ مىللەت-
نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەشھۇر ماقالىسى «مېنىڭ فامىلەم ۋە يۇرتۇم»دا
تەھقىقلەپ:«ئۇيغۇر نەسەبنامىسى» دېگەن ئەسەرنى مېنىڭ 16 ـ ئەجدات بوۋام شەن
شېڭ يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، يېزىلغان ۋاقتى چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى 3 ـ يىلى
(مىلادىيە 1864 ـ يىلى)غا توغرا كېلەتتى. شەن شېڭ مىللىتىمىز ئىچىدىكى خەنزۇ
تىلىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان تۇنجى كىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يۆلۈ بىلىم يۇرتىنىڭ
تالىپى ئىدى. ئۇ بۇ ئەسەرنى ھېچقانداق مەنبەگە تايانماي يازغان بولماستىن ئەرەب يې-
زىقىدىكى شەجەرە ۋە ئۇزاق يىللار مابەينىدىكى كۆپلىگەن پەرمان ۋە مەكتۇپلارغا ئاسا-

سەن يېزىپ چىققان، دەيدۇ.

خۇنەن چاڭشادىكى يۆلۇ بىلىم يۇرتى جۇڭگودىكى قەدىمكى تۆت چوڭ ئىلىم يۇرتىنىڭ بىرى بولۇپ، قالغان ئۈچى خېنەن دېڭ خىڭدىكى گاۋياڭ ئىلىم يۇرتى، خېنەن شاڭ چيۇدىكى يىڭ تيەن ئىلىم يۇرتى ۋە جياڭشى شىلۇشەندىكى بەي لۇ ئىلىم يۇرتلىرى ئىدى.

يۆلۇ ئىلىم يۇرتىنىڭ تارىخىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى بەش دەۋردە (تەخمىنەن 958 - يىلى) ياشىغان جى رۇڭ قاتارلىق ئىككى راھىب ئاچقان مەدرىسەگە سۈرۈشكە بولىدۇ. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى كەيباۋنىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 976 - يىلى) تەنجۇۋنىڭ ۋالىيسى جۇۋدۇڭ يۇقىرىقى ئىككى راھىب ئاچقان مەدرىسە ئاساسىدا يۆلۇ بىلىم يۇرتىنى رەسمىي قۇرۇپ چىققان. بۇنىڭدىن كېيىن سۇڭ، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى يەنى گۇاڭشۇنىڭ 29 - يىلى (مىلادىيە 1903 - يىلى)غا كەلگەندە خۇنەن ئالىي شۆتاڭغا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن خۇنەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى، خۇنەن سانائەت كەسپىي مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1926 - يىلى رەسمىي ھالدا خۇنەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، تا ھازىرغىچە شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئالىي بىلىم يۇرتى مىڭ يىللىق تارىخىنى باشتىن كۆچۈرۈپ ئىزى ئۆچمەي كەلگەچكە «مىڭ يىللىق ئىلىم يۇرتى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.

يۆلۇ بىلىم يۇرتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ مەكتەپ ئېچىش ۋە ئىلىم - مەدەنىيەت تارقىتىش جەھەتتە نامى ئەلگە تارالغان. بۇ ئىلىم يۇرتى تەشەببۇس قىلغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا يارامىلىق ئادەم تەربىيىلەش»تەك ئوقۇتۇش فاڭجېنى ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنى ئىلىم ئۆگىنىش نىشانىغا يېتەكلىگەن. شۇڭلاشقا سۇڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب جۇشى بۇ يەرگە ئىككى قېتىم كېلىپ مۇددەرىسلىك قىلغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ ياڭنىڭ پسىخولوگىيىسى ۋە دوگلىن مەزھەپلىرى بۇ يەرگە تارقىلىپ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن. مىڭ - چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپ ۋاڭ خۇ مۇشۇ ئىلىم يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كاڭشى ۋە چيەنلۇڭخانلار ئىلىم يۇرتىغا «ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن»، «جەنۇبتىكى مەرىپەتگاھ» دېگەن لەۋھەلەرنى بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىلدۈرگەن. شەن شىڭ بۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلغاچقا چوقۇم ئىلىم يۇرتىنىڭ بىلىم ئۆگىنىش ئەھكاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئاساسى يوق نەرسىلەرنى يازمايدۇ. شۇڭا بىز ئۇ يازغان «ئۇيغۇرلار نەسەبنامىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ مەلۇم ئاساسى بارلىقىغا ئىشىنىمىز. شۇڭا خۇنەن چاڭدې تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادىنى غەربىي يۇرتتىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قارا، دەپ قارىشىمىزنىڭ قىلچىمۇ گۇمانلىق تەرىپى يوق.

ئۇنداقتا قارا دېگەن زادى قانداق ئادەم؟ جيەن بوزەن بۇ توغرۇلۇق:«مەن ۋە گومورولار خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئەجداتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چىڭگىزخاننىڭ 4 - يە-

لىغا، يەنى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى زوڭ جيانىڭ 2 - يىلىغا سۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكشۇرۇپ تەھقىقلەپ چىققان ئىدۇق، ئۇ چاغدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بىلەن قارا غەربىي لياۋ «قارا قىتان» خانلىقىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن داروغاچىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تېمۇرچىن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئەل بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 1211 - يىلى ئىدىقۇت قارا بىلەن بىرلىكتە كرولىن دەريا بويىغا تېمۇرچىن بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا تېمورچىن ئىدىقۇتقا «تۇتۇق ئوغۇل» دېگەن نام، قاراغا «تۇتۇق»، «ھۇجۇمچى سانغۇن» لۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن. قارا چىڭگىزخانىنىڭ تارتۇقلىشىغا ئىگە بولغان. ئۇ باتۇر پاراسەتلىك بولغاچقا تېمۇرچىن قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنلارنىڭ ئاتامىنى بولغان.» ②دەيدۇ.

بۇ سۆز ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان. قارىغاندا قارا ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇرلۇقتا تەڭ يېتىلگەن زەپەر قۇچالايدىغان بەھەيۋەت سانغۇندەك قىلىدۇ. ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتىغا ھەمدەمدە بولۇپ غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ داروغاچىنى ئۆلتۈرۈپ قارا قىتان خانلىقىغا قارشى چىقىپ چىڭگىزخانغا بويسۇنۇشتەك سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغاپ ئىدىقۇت خانى «بارچۇق ئارتېكىننى كۆرسىتىدۇ» نىڭ ئەتىۋارلىشىشىغا ئېرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلىشقا بارغان. چىڭگىزخان قارانى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مەسلىكى كېلىپ تۇتۇق ۋە ھۇجۇمچى سانغۇنلۇق ئۇنۋانىنى ئىنئام قىلىپلا قالماي، ئۇنى يەنە ئۆز قول ئاستىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنلارغا باشچىلىق قىلىپ جەنۇب ۋە شىمالدا ئۇرۇش قىلىشقا تەيىنلىگەن.

قارانىڭ تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا ئەۋلادلىرى باشتىن - ئاخىر يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيەت ئورگىنىدا ئەمەلدار بولۇپ كەلگەن. بىراق يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغان. جيەن بوزەن بۇ ھەقتە: «قارا بارس دەۋرىگە كەلگەندە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆڭگان سانغۇنى چاڭ يۈچۈن، لەن يۈ، لىن يىڭ، خۇداخەي ۋە جۇ يۈەنجاڭنىڭ قول بېرىشكەن ئىنىسى شۇدا قاتارلىقلار بىلەن تونۇشىدۇ. كېيىنچە يۈەن سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇپ مىڭ سۇلالىسىنى تىكلىدۇرۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. قارا بارس شۇدا، لى ۋېنجۇڭ قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ داتۇڭغا ھۇجۇم قىلىپ يىڭچاڭ مەھكىمىسى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تۇرشاۋۇل سانغۇنى تولىيبەگ، كوك شىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ جۇ يۈەنجاڭنىڭ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرۇشىغا تۆھپە قوشقان. جۇ يۈەنجاڭ قارا بارسقا «جەنۇبنى تىنجىتىپ دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى سانغۇن» دېگەن ئۇنۋاننى ئىنئام قىلغان. قارا بارسنىڭ دۈشمەن كۈچلەرنى توسالغۇسىز بېسىپ ئۆتكەن تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ جيەن (剪) دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلىپ ئۇنىڭ ئىسمى بولغان بارس دېگەن خەتنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى بولغان «十八» نى «土八» غا ئۆزگەرتكەن. تۇتۇق قىزى تۈيېنى بارسقا خوتۇنلۇققا بەرگەن. بۇ قىز دەل كېيىنكى جۇ جەمەتى خانىشى ئىدى. خوڭۋۇنىڭ 15 - يىلىدىن 18 - يىلىغىچە قارا بارسقا جىڭراڭنىڭ تۇتۇقلۇق

مەنسىپى بېرىلگەن بولۇپ، جىنجاڭ ئەتراپىدا قوشۇن تۇتۇپ تۇرغان. ئۇ مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يەرلىككە ئەۋەتىلگەن ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدار ئىدى. شۇڭلاشقا قارا بارسنى بىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز دېسەك توغرا بولغان بولىدۇ» ③دەيدۇ.

قارا بارس بۇ ماقالىدا بايان قىلىنىدىغان مۇھىم ئوبيېكت ئەمەس، بىزنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز دەل ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بىلەن بىرلىكتە قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئىدىقۇت بىلەن چىڭگىزخان ھۇزۇرىغا كۆرۈشكىلى بارغان ھېلىقى قارا ئىدى. قارانىڭ ئەينى چاغدىكى تارىخى ئەھۋالاتى شەن شېڭنىڭ «ئۇيغۇر نەسەبنامىسى»دا تىلغا ئېلىنمايدۇ. جيەن بوزەن بىلەن گومورۇ بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەھقىقلىگەن بولسىمۇ ئۇلار تەكشۈرۈپ تەھقىقلەپ چىققان ئاساسقا ئىزاھ بەرمىگەچكە، كېيىنكىلەرگە كۆپلىگەن ئېنىقسىزلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

## 2. تارىخىي يازما يادىكارلىقلاردىن قارانى ئىزدەش

1209 ـ يىلى يۈز بەرگەن قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا تۇرۇشلۇق دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىدىكى تەسىرى چوڭ ئىش، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، شۇڭلاشقىمىكىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان بارلىق ھۆججەتلەر بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. قارا ئەينى چاغدا بۇ ئىشقا ئىشتىراك قىلغۇچى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ ئەينى چاغدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانى بارچۇق ئارتېكىن بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچى ئىدى. بولۇپمۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىدىقۇتقا ھەمراھ بولۇپ كېرولىن دەرياسى بويىدا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن ھەم چىڭگىزخان ئۇنىڭغا «تۇتۇق»، «ھۇجۇمچى سانغۇن» دېگەن ئۇنۋانلارنى بەرگەن. شۇڭا قارا ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسمى چوقۇم تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشى كېرەك ئىدى. قارا نامى تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشى كېرەك، دەيدىغانغا يەنە ئاساسىمىز بار. ئېيتىلىشىچە قارا قىتانلاردىن يۈز ئۆرۈپ چىڭگىزخانغا ئەل بولۇش ۋەقەسىنى قوزغىغان ئىدىقۇت بولماستىن ئىدىقۇتقا ھەمدەمدە بولۇپ قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى ئادەم پەيدا قىلغان. دەرۋەقە بۇ كىشى قارا بولىدىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ ۋەقەنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى بولىدۇ. باش پىلانلىغۇچى بولغانىكەن، تارىخچىلار ئۇنىڭ نامىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى.

موڭغۇل تارىخىي ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇئەللىپى نامەلۇم بولغان، 1240 ـ يىلى يېزىلغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن مۇھىم ئەسەر بار. ئەسلى ئەسەر ئۇيغۇر يېزىقى، موڭغۇل تىلىدا يېزىلغان. لېكىن بۇ خىل نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇ موڭغۇل تارىخىنىڭ باش سەھىپىسىنى ئاچقان ئەسەر بولۇپ چىڭگىزخان ۋە ئۇگدايخاندىن ئىبارەت ئىككى ئەۋلاد موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئىش ـ

ئىزلىرى بايان قىلىنغان. كىتابتا بۇ مەزگىلدىكى تارىخ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان:

«ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇتى چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئاتچىلاق، تاربەگ ئاتلىق ئىككى كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئىككى ئەلچى چىڭگىزخان ھۇزۇرىدا: بىز چىڭگىزخاننىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇق، خۇشاللىقىمىزدىن بۇلۇتلار تاراپ، قۇياش چىققاندەك، مۇزلار ئېرىپ دەرياغا سۇ كەلگەندەك بولۇشتۇق. مۇبادا ئۇلۇغ خان چىڭگىزخاننىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولساق شاھلىق كەمەرلىرىنى يۇلتۇز بىلەن بېزەپ چىقىشقا تەييارمىز. بىزنىڭ ئىدىقۇتىمىز سىلىنىڭ بەشىنچى ئو- غۇللىرى بولۇشنى خالايدۇ، دەپتۇ. چىڭگىزخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە: مەن ئىدىقۇتنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم، ئىدىقۇت مېنىڭ بەشىنچى ئوغلۇم بولسۇن! ئىدىقۇت ئۆز ئەلچىلىرى ئارقىلىق ماڭا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجان، تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇنىڭدىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم، دەپتۇ. گەپ تۈگىگەندىن كېيىن ئەلچىلەر قايتىپ كېتىپتۇ. ئىدىقۇت چىڭ- گىزخاننىڭ ئىلتىپاتىدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئېلىپ چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كەپتۇ. چىڭ- گىزخان ئىدىقۇتقا قىزى ئال ئالتۇن بىكەنى ياتلىق قىپتۇ.»④

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» گەرچە خېلى بۇرۇن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەكلا قىسقارتىپ يېزىلغان بولغاچقا نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرنى پەقەت تىلغا ئېلىپ قو- يۇپلا تەپسىلىي توختالمىغاچقا، كېيىنكىلەرگە بەزى ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرگەن. ئى- دىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قارا قىتانلاردىن چەتنەپ چىڭگىزخانغا تەۋە بولغانلىقىدەك بۇنداق چوڭ ۋەقەلەر توغرىسىدا پەقەت ئىدىقۇت خانى بارچۇق ئارتېكىننىڭ كىرولىن دەريا بويىدا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپلا بولدى قىلىپ، ۋەقەنىڭ ئالدى - كەينى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىپ- مۇ قويمىغان. شۇڭا «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دىن قارانىڭ سىيماسىنى ئۇچرات- قىلى بولمايدۇ.

بۇ ۋەقە ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى 1226 - 1283 - يىللار يازغان «تارىخى جا- ھانگۇشاي»دىمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلغان موڭغۇللار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ بىرى. چۈن- كى بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئەينى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە بەكلا يېقىن بو- لۇپ، نۇرغۇنلىغان پاكىتلارنى ئاپتور ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. كىتابتا مۇنداق با- يانلار بار:

«قارا خىتايلارنىڭ خانى ماۋرەئۇننەھر ۋە تۈركىستاننى بويسۇندۇرغان ئاشۇ يىلى باھاردا بارچۇق ئارتېكىنمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۇلپان تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. قارا خىتايلارنىڭ خانى بىر نەپەر شاخنا ( shahna - داروغاچ) ئەۋەتكەن بولۇپ ئىسمى شائوكېم (shaukem) ئىكەن. شائوكېم مەنسەپتە ئولتۇرۇپلا زورلۇق -

زومبۇلۇق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئىدىقۇت ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇن ئەمەلدارلارنى ھاقارەتلەپ ئار - نومۇس چۇمبىلىنى يىرتىپ تاشلاپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئاقسۆڭەك ۋە پۇقرالارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ قاپتۇ. چىڭگىزخاننىڭ قىتانلارنى بويسۇندۇرغانلىق زەپەر خەۋىرى ھەممە يەرگە تاراپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىدىقۇت شائوكېمنى قارا خوجا شەھىرىدىكى بىر ئۆيگە قاماش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۆيگە باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن قارا خىتايلاردىن يۈز ئۆرۈپ چىڭگىزخاننىڭ تەسەررۇپىغا كىرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئىدىقۇت قۇت ئالمىش قايا (Qut – Almish – Qaya)، ئۇمەر ئوغۇل (Umar – Ogul)، تارىبايلارنى چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپتۇ. چىڭگىزخان بۇ ئەلچىلەرنى ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئەمما چىڭگىزخان ئىدىقۇتنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. ئىدىقۇت ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى مەمنۇن بوپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىززەت - ئىكرام بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىدىن ئايرىلىپتۇ. ئۇلۇغ قوشۇن كۈچلۈككە جازا يۈرۈش قىلغاندا ئىدىقۇتقا سەرۋاز، نەۋكەرلىرىنى باشلاپ ئۇيغۇر زېمىنىدىن ئاتلىنىش خۇسۇسىدا پەرمان كەپتۇ. ئىدىقۇت پەرمانغا بىنائەن 300 لەشكەرنى ئېلىپ چىڭگىزخان بىلەن ئۇچرىشىپ تۆھپە كۆرسىتىپتۇ. ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوۋم، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم قۇللىرىغا ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. كېيىنچە چىڭگىزخان سۇلتان مۇھەممەدنىڭ خارازىم خانلىقىغا قارشى ئاتلانغاندا ئىدىقۇت يارلىققا بىنائەن يەنە لەشكەر چىقىرىپتۇ. چاغاتاي بىلەن ئوگداي ئوترارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا ھەمدەمدە بوپتۇ. ئوترار ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن تۆربەي (Torbei)، ياسائۇر (Yasaur) ۋە گاداق (Ghadaq) قاتارلىقلار قوشۇن تارتىپ ۋاخشى (Vakshi) ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلغاندىمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە يۈرۈشكە چىقىپتۇ. ئەڭ ئاخىرى تۇغ - ئەلەملىرىنى يىغىپ لەشكەرگاھقا قايتىپ كەپتۇ. چىڭگىزخان تاڭغۇتقا قارشى لەشكەر تارتقاندا ئىدىقۇت يەنىلا پەرمانغا بىنائەن لەشكەر ۋە ئۇلاقلىرىنى ئېلىپ بېشبالىقتىن يولغا چىقىپ چىڭگىزخان بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ماختاشقا ئەرزىيدىغان تۆھپىنى تارتۇقلاش ئۈچۈن چىڭگىزخان ئۇنىڭغا شەپقەت قۇچىقىنى ئېچىپ ئۆز قىزىنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىپتۇ. چىڭگىزخان ۋاپات بولغاچقا بۇ قىز ئارزۇسىغا يېتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت بېشبالىققا قايتىپ كېتىپتۇ.»⑤

جۇۋەينىنىڭ خاتىرىسىگە نەزەر سالساق شۇ قېتىملىق ئۆزگىرىشنى ئىدىقۇت شەخسەن ئۆزى قوزغىغاندەك قىلىدۇ، ئۇ قارا قىتان خانلىقىنىڭ داروغاچىنى ئۆلتۈرۈشتە ئەلۋەتتە ئۆزى قول سالماي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قويسىلا كۇپايە بولىدۇ. ئەمما جۇۋەينى ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشقۇچىنى، شۇنداقلا شۇ قېتىمقى مۇھىم ۋە مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئورۇنلىغۇچىنى تىلغا ئالمىغان، بەلكى ئەسىرىدە ئىدىقۇتنىڭ كىرولىن دەريا

بويىدا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانىدىمۇ خۇددى ئىدىقۇت ئۆزى يالغۇز بارغاندەك ھەمراھ بولۇپ بارغۇچىنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. جۇۋەينىدە ئەينى چاغدىكى ۋەقەگە ئائىت توغرا ماتېرىيال يوقمۇ ياكى ھەمكارلاشقۇچىنىڭ بۇ ئۆزگىرىشتىكى رولىنى سەل چاغلاپ قالدىمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. ئومۇمەن ئۇ ئىدىقۇتقا ھەمدەمدە بولۇپ سىياسىي ئۆزگىرىشنى غەلىبىلىك ئورۇنلىغان ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن كىرولىن دەريا بويىغا بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن ھېلىقى ئادەمگە سەل قارىغان. شۇڭلاشقا جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانگۇشاي» دېگەن ئەسىرىدىن قارانىڭ ئىزىنى تاپالمايمىز.

بىز ئەمدى ئىران تارىخچىسى راشىددىن (مىلادىيە 1247~1318 - يىللار)نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «جامىئۇتتەۋارىخ»قا قاراپ باقايلى. «جەمىئۇتتەۋارىخ» ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دۇنيا تارىخى بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئەينى چاغدىكى ياۋرۇ - ئاسىيا تارىخى دېيىشكە مۇناسىپ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر، دېيىشكە مۇناسىپ. «جامىئۇتتەۋارىخ»نىڭ مەزمۇنى تۆت بۆلۈمگە ئايرىلغان بولۇپ بىرىنچى بۆلۈمى دەل «موڭغۇل تارىخى» ئىدى.

راشىددىن شۇ دەۋردىكى تارىخنى ئۇشبۇ تەرەققىدە بايان قىلىدۇ:«چىڭگىزخان دەۋرىدىكى [ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ] ئىدىقۇتى بارچۇق ئىدى. گۆرخان ماۋرەئۇننەھر ۋە تۈركىستاننىڭ خوجىسى بولغاندا ئىدىقۇت ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تەسەررۇپقا ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. گۆرخان ئۇنىڭغا بىر ئەمەلدار ئەۋەتكەن بولۇپ ئىسمى شائۇكېم ئىدى. [ شائۇكېم ] بارا - بارا چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ئىدىقۇت، ئىدىقۇتنىڭ ئەمىرلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا چەكسىز زۇلۇم - ستەملەرنى سېلىپ، نورمىدىن ئاشۇرۇپ باج - سېلىق ئالغان بولغاچقا، ھەممە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا چىڭگىزخان قىتانلارنى بويسۇندۇرۇپتىمىش، دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىكلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئىدىقۇت بۇ داروغاچ [ شائۇكېم] نى قارا خوجادىكى بىر كەنتتە ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىدا مەخپىي پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. قارا قىتانلارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەش ۋە چىڭگىزخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋەجىدىن [ ئىدىقۇت ] قۇت ئالمىش قايا، ئۆمەر ئوغۇل، تارباي قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى چىڭگىزخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپتۇ. چىڭگىزخان ئەلچىلەردىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ ھەم ئىدىقۇت ئۆزى كەلسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئىدىقۇت ئۇنىڭ پەرمانىنى ئىلىك ئاپتۇ ھەمدە چىڭگىزخاننىڭ ئالاھىدە ئىلتىپاتى ۋە ئىنئاملىرىغا نائىل بولۇپ ئۆز ئېلىگە قايتىپتۇ. چىڭگىزخاننىڭ يېڭىلمەس قوشۇنى كۈچلۈككە قارشى ئاتلانغاندا ئىدىقۇت يارلىققا بىنائەن 300 نەپەر نەۋكەرنى ئېلىپ يۈرۈشكە چىقىپ باتۇرلۇق بىلەن تۆھپە كۆرسىتىپتۇ.»⑥

راشىددىننىڭ بۇ مەلۇماتى ئەمەلىيەتتە جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي»دىن

كەلگەن بولۇپ ئۇ ھېچقانداق يېڭى مەزمۇن قاتمىغان، شۇڭلاشقا ئۇنىڭدىن قاراغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تاپالمايمىز.

ئۇنداقتا موڭكۇخان ياكى قۇبلايخان دەۋرىدە يېزىلغان «زەپەرنامە»دە ئۇ توغرۇلۇق ماتېرىيال بارمۇ؟ «زەپەرنامە» يەنە «زەپەرنامە خاتىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ چىڭگىزخان، ئۇگدايخان دەۋرىدىكى موڭغۇل تارىخىغا ئالاقىدار ئاپتورى نامەلۇم بولغان مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

«زەپەرنامە»دە مۇنداق دېيىلگەن:«تەيزۇنىڭ 4 - يىلى ئۇيغۇر خانى ئىدىقۇت [ چىڭگىزخانىنىڭ ] نام - شەرىپىنى ئاڭلاپ قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈپ چىڭگىزخانىنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتمەكچى بوپتۇ. چىڭگىزخان ئالدى بىلەن ئەنلى بۇيان، دارباي ئىسىملىك ئىككى كىشىنى ئىدىقۇتنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئىدىقۇت بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بوپتۇ ۋە ئەلچىلەرنى ناھايىتى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتىۋاپتۇ. ئىدىقۇت بىجىس، ئالان تېمۇر قاتارلىق ئىككى كىشىنى چىڭگىزخانىنىڭ قېشىغا سالامغا ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر ئىدىقۇتنىڭ تۆۋەندىكى گەپلىرىنى چىڭگىزخانغا يەتكۈزۈپتۇ: مەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلاپ قىتانلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ ھوزۇرلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزۈمنىڭ ساداقەتمەنلىكىمنى بىلدۈرمەكچى ئىدىم. ھالا ئۆزلىرى خانلىقىمىزغا ئەلچى ۋە ئەۋەتىپلا، بىز بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇق، خۇشاللىقىمىزدىن بېشىمىز كۆككە يېتىپ مۇزلار ئېرىپ دەرياغا سۇ كەلگەندەك، بۇلۇتلار تاراپ كۈن چىققاندەك بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇسىمىزدىكى بارلىق پۇقرانى باشلاپ سىزنىڭ قولىڭىز، ئوغلىڭىز بولۇپ سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ سىز ئۈچۈن تۆھپە كۆرسىتىمىز.»

بۇنىڭدىمۇ قارا ئۇچرىمايدۇ.

موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدە قاراغا ئالاقىدار خاتىرىلەر يوق بولغاچقا، دىققەت نەزىرىمىزنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تۈزۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»غا يۆتكەپ باقايلى.

قارا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۆتىۋەر جەمەتتىن بولۇپلا قالماي، بەلكى خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئېيتىلىشىچە ئۇ يەنىلا ئىدىقۇت بارچۇق بىلەن بىرلىكتە قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرگەن ھەم ئىدىقۇتقا ھەمراھ بولۇپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكىلى بارغان كىشى ئىدى. بۇنداق شەخس ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا نىسبەتەن مۇھىم بولۇپلا قالماي، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئىدى. ئۇنىڭ تۆھپىسىدىن چىڭگىزخان غەربىي يۇرتتىكى مەدەنىيىتى ئالغا كەلگەن مەدەنىيەتلىك ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى تىنچ يول بىلەنلا قولغا كەلتۈردى. بۇنى چىڭگىزخانىنىڭ بويسۇندۇرۇش تارىخىدىكى ئەڭ غەلىبىلىك ھەم كۆڭۈلگە ياققان ئىش، دېيىشكە بولاتتى. مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىكى شەخسلەر تەرجىمىھالىدا ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئەڭ ئاخىرى بىز «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 124 - جىلدتىن قارا يىغاچ بىلگە ئىسسىملىك بىر ئادەمنىڭ بايقىدۇق، يىل دەۋر جەھەتتىن ئالغاندىمۇ بۇ ئادەم بىز ئىزلىمەكچى بولغان قارا بىلەن ماس كېلىپ قالىدۇ. بۇ يەردە كۆرۈلگەن قارا يىغاچ بىلگە بىز ئىزدىمەكچى بولغان قارا شۇمۇ ئەمەسمۇ؟

ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار بۇ خاتىرىنى كۆرۈپ باقايلى:«قارا يىغاچ بىلگە ئۇيغۇر، زېرەك قابىلىيەتلىك ئادەم، قاغان ئىسەن تۆمۈر ئىدىقۇت ئۇنىڭ نام شەرىپىنى ئاڭلاپ ئۇنى سۇلمىدىن يۆتكەپ جازاچى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن. ئىسەن تۆمۈر ئۆلگەندە ئوغلى بارچۇق ئارتېكىن تېخى ياش ئىدى. قارا قىتانلارنىڭ گۆرخانى دارۇغاچ ئەۋەتىپ بۇ ئەلنى ئىدارە قىلغان ۋە قارا يىغاچ بىلگىنى خانزادىلىرىگە ئۇستاز بولۇش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. بارچۇق ئارتېكىن يۈەن تەيزۇ (چىڭگىزخان)نىڭ باتۇر، دانالىقىنى ئاڭلاپ قارا قىتانلارنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈپ ئالان تۆمۈر تۇتۇق قاتارلىق تۆتەيلەننى قارا قىتان خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئالان تۆمۈر تۇتۇق قارا يىغاچ بىلگىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈز بەرگەن ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوغلى يۈگاش ئىنالنى ئېلىپ ناھايىتى تېزلىكتە يۈەن تەيزۇنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. يۈەن تەيزۇ بۇلارنى كۆرۈپ بەكلا شادلىنىدۇ ۋە ئوغۇللىرىغا ئۇستاز بولۇش خۇسۇسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ ھەمدە يۈگاش ئىنالنى تورغاقلىققا تۇتۇپ قالىدۇ.»⑦

بۇ يەردە گەرچە قارا يىغاچ بىلگە توغما ئەقىللىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان دانا كىشى، شۇنداقلا ئىلگىرى قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرگەن بارچۇق ئىدىقۇتنىڭ دادىسى ئىسەن تۆمۈر ئىدىقۇت ھوزۇرىدا تەپتىش بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ بىز تاپماقچى بولغان قارا ئەمەس. چۈنكى بارچۇق ئارتېكىن ئىدىقۇت خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا قارا قىتان خانلىقى ئۇنى خانزادىلەرگە ئۇستاز قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن بولغاچقا، قارا يىغاچ بىلگىنىڭ بارچۇق ئىدىقۇتقا ھەمدەمدە بولۇپ قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈشكە ھەرگىزمۇ پۇرسەت يوق ئىدى. ئەكسىچە ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن بارچۇق ئىدىقۇت قارا يىغاچ بىلگىنىڭ كۈيئوغلى ئالان تۆمۈرنى ئۆز دۆلىتىدە يۈز بەرگەن ۋەقەنى قارا قىتان خانلىقىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قارا قىتان خانلىقىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بىلىپ چىڭگىزخاننىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتۈشنى ئارزۇلاپ ئۆز ئوغلى يۈگاش ئىنالنى ئېلىپ تېزلىكتە چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا بارىدۇ ھەمدە چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئۇستاز بولىدۇ.

قارىغاندا بۇمۇ بىز ئىزدىمەكچى بولغان قارا ئەمەستەك قىلىدۇ.

قارا فامىلىلىكنىڭ بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 193 - جىلدىدىمۇ قارا بۇقا ئىسىملىك بىر ئادەمنى تاپتۇق. ئەجەبا بۇ كىشى قارا بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ؟ بۇ ئادەمنىڭ تەرجىمىھالىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:«قارا بۇقا يولۇن تۆ-

مۇرنىڭ ئوغلى ئىدى. گۆدەك چېغىدا ئانىسى ئودۇنغا ئەگىشىپ يىدۇغا كەلگەندە ھەسرەت چېكىپ: ياش ۋاقتىمدا ياخشى ئۆگەنمىسەم ئەجداتلىرىمغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن، دەپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى ئەينى چاغدا باۋ دېڭنىڭ جازاچى ھاكىمى ئىكەن. قارا بۇقا دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆز ئىرادىسىنى ئېيتىپتۇ. دادىسى ئۇنىڭ بۇ خىل ئىرادىسىدىن ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى، تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. لى جەن توپىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۇنىڭ ئانىسى ئۇچىنچى ئوغلى تولى بۇقىنى ئېلىپ دېڭجۇ ۋە لەيجۇۋ ئەتراپىغا قېچىپ بېرىپ ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قېلىپ كېچە - كۈندۈز ھەسرەت چېكىپتۇ. كېيىنچە قارا بۇقا تاغىسى ساقىسقا ئەگىشىپ شەندۇڭدىكى توپىلاڭنى تىنجىتىپتۇ. ئاخىرىدا ئانىسىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپتۇ. ساقىس قارا بۇقىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ ۋە ئۆز قابىلىيىتىنىڭ قارا بۇقىغا يەتمەيدىغانلىقىغا ھېس قىلىپ ئۇنى يۈەن شىزۇ (قۇبلايخان)غا ھاۋالە قىپتۇ. يۈەن شىزۇ يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى ئوردا ياساۋۇل بېگى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. كېيىنچە بىر ئىشلار توپەيلىدىن يىجۇغا كېلىپ سىجياۋ تېغى باغرىدا گۈاڭ شىڭ، شاڭشەندىن ئىبارەت ئىككى تۆمۈر تاۋلاش بازىسى بەرپا قىپتۇ. خان ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىگە ئالتۇن تامغا ئىنئام قىلىپ شاڭشەن تۆمۈر تاۋلاش بازىسىنىڭ دورغاپلىقىغا تەيىنلەپتۇ. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بۇ مەرتىۋىسىنى ئىنىسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. ئەينى چاغدا بۈيۈك قوشۇن جەنۇبقا يۈرۈش قىلغاندا ھەربىي تەمىناتىنىڭ توشۇلۇشى بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاقىتلىق سۇ قاتناش يوللىرىنى باشقۇرغۇچى بەگ قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ. ئۇ 15 مىڭ لەشكەرگە باشچىلىق قىلىپ ماددىي ئەشيالارنىڭ توشۇلۇش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىپتۇ. جەنۇبىي جۇڭگو تىنجىغاندىن كېيىن ئۇ خانغا مەلۇمات يوللاپ: خان ئالىيلىرى ئاق كۆڭۈل، دانىشمەنلەرگە يېقىنلىشىپ، ۋەزىرلەرنى ھۆرمەتلىگەندىلا روناق تاپىدۇ. مەكتەپ ئېچىپ ئەلنى ئىدارە قىلىشتا دانا كىشىلەرنى تارتۇقلىماقلىرى لازىمدۇر. قائىدە بەلگىلەپ ئەمەلدارلارنى باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىماق زۆرۈر. سىرت بىلەن بولغان سودىنى كۈچەيتىپ باج - سېلىقنى ئازايتىش كېرەك. مانا بۇ پۇقرالارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىنىڭ ئاساسىدۇر، دەيدۇ. مەلۇماتتا يەنە: جەنۇبىي جۇڭگو ئەمدىلا تەسەررۇپلىرىغا ئۆتتى، ئۇ يەردىكى خەلقنى يىغىپ ئۇلارغا ساخاۋەت قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ ئۇلارنى دېھقانچىلىق، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغايلا، باج - سېلىقنى كېمەيتىپ پۇقرالارنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزغايلا، ئەگەر بۇنداق بولمايدىغان بولسا ھەر زامان بۇ ئىشلار ئۈچۈن باشلىرى قاتىدۇ، دەپتۇ. يۈەن شىزۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئاساسەن قوبۇل قىپتۇ. خەنگوۋدىن خەيخىغا 20 تۈمەن دەن گۈرۈچنى يۆتكەپ ماڭغاندا يېرىم يولدا كېمە ئۆرۈلۈپ گۈرۈچنىڭ ئوندىن بىر قىسمى زىيانغا ئۇچراپتۇ. يەنە كېلىپ گۈرۈچلەر جەنۇبىي جۇڭگونىڭ چارىكى بىلەن ئۆلچەنگەن بولۇپ، بېيجىڭغا كەلگەندە بېيجىڭنىڭ چارىكى بىلەن ئۆلچىگەندە ھەربىر چارەكتە ئۈچ شىڭ زىيان

چىققان. بۇ چاغدا ئەخمەت چوڭ ھوقۇق تۇتقان بولۇپ: زىيان تارتقان گۇرۇچنى گۇرۇچ توشۇغۇچىلار تۆلىسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. قارا بۇقا بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ: ئۆلچەمدىكى پەرق يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى. سۇ قاتنىشىدا كېلىشمەسلىك بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنى ئىنسان قانداقمۇ توسۇپ قالالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىدە گە ئۆزۈمنىڭ بارلىق بىساتىمنى ساتساممۇ تۆلەمگە يەتمەيدۇ. ئەگەر ئوردا بۇنى چوقۇم تۆلەڭلار دېسە، بۇ مەسئۇلىيەتنى شەخسەن ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالىمەن، دەپتۇ. كېيىن خاندىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈپتۇ. ئەخمەت بۇنىڭدىن ناھايىتى خاپا بولۇپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى تۆۋەنلىتىپ نىڭخەي يولىنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەپتۇ. كېيىنچە يەنە ئۇنى جياڭشىغا يۆتكەپ چۈدەيچى بەگ قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇ يەرگە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا گۇاڭدۇڭنىڭ تۇز يۆتكەش مەسئۇل ئەمەلدارى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈپتۇ. قارا بۇقا گۇاڭدۇڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپتۇ.»⑧

ئېيتىلىشىچە، قارا بۇقا مىلادىيە 1258 ـ يىلى يۈۋچېڭنىڭ يۈنەنگە ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىش سەپىرىدە گۇاڭدۇڭغا كەلگەندە بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ قۇربان بولغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ ئاران 39 ياشقا كىرگەن ئىكەن.

ناھايىتى روشەنكى، قارا بۇقا يىل دەۋر نۇقتىسىدىن قارىغاندا بىز تاپماقچى بولغان قارا بىلەن مۇئەييەن بىر ئارىلىق مەۋجۇت. چۈنكى ئۇ يۈەن شىزۇ، يەنى قۇبلايخاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، قۇبلاي چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ يىل جەھەتتىن بىز تاپماقچى بولغان قارا بىلەن بەكلا يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ ئادەم بىزنىڭ قارانى ئىزدىشىمىزدە بەلكىم مۇھىم يىپ ئۇچى بولۇپمۇ قالارمۇ؟

دەسلەپتىلا بىز ئېغىر خاتالىققا يول قويغان، يەنى خۇنەن چاڭدې تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ فامىلە ئادىتىگە ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسىگە ھۆكۈم قىپتۇق. بۇ ئېنىقلا ساۋات خاراكتېرلىك خاتالىق ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلە ئادىتىدە ئىلگىرى مۇقىم فامىلە يوق بولۇپ پەرزەنتلەر بىلەن دادىسىنىڭ فامىلىسىدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە پەرزەنتنىڭ فامىلە ئورنىدا دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوللىنىدىغان بولدى. بۇ خىل ئادەت تا ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا. پەرزەنتنىڭ فامىلىسى دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوللىنىشى زادى قانداق ئىش؟ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كېيىنكىلەرنىڭ فامىلىسى دەل ئالدىنقىلارنىڭ ئىسمى ئىدى. مەسىلەن، ئالدىنقىلارنىڭ ئىسمى قادىر يۈسۈپ بولسا بۇ يەردىكى قادىر ئىسمى، يۈسۈپ ئۇنىڭ فامىلىسى بولىدۇ. كېيىن پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا دادىسىنىڭ ئىسمى «قادىر» فامىلە قىلىنىدۇ. مەسىلەن مۇرات قادىر كېيىنكى ئەۋلادقا كەلگەندە مۇرات قادىرنىڭ ئىسمىدىكى «مۇرات» فامىلە بولىدۇ. مەسىلەن: تۇمەر مۇرات دېگەنگە ئوخشايدۇ. ئۈچ ئەۋلاد-

تىن كېيىن ئىسىم ــ فامىلە جەھەتتىن ئالدىنقىلار بىلەن كېيىنكىلەرنىڭ بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشقا ئامال بولمايدۇ. بۇ خىل ئادەت خەنزۇلاردىكى جاۋ، چيەن، سۈن، لى قاتارلىق فامىلىلەرنىڭ نەچچە ئەۋلاد داۋام قىلىدىغانلىقىغا ئوخشىمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق مەدەنىيەت ئادىتىگە ئاساسەن قارا بارسنىڭ ئەجدادىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا جاھاننى تەۋرەتكۈدەك ئىشنى روياپقا چىقارغان قارا دېگەن ئادەمگە مەركەزلەشتۈرۈپ قويساق توغۇق يولغا كىرىپ قالغان بولىمىز.

ئۇنداقتا بىز ئالدى بىلەن قارا بۇقىنى قويۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ دادىسى يولۇن تۆمۈر ھەققىدە توختىلايلى! ئىسىم ــ فامىلە نۇقتىسىدىن ئۇلارنىڭ ئاتا ــ بالىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلەلمەيمىز. يولۇن تۆمۈر زادى قانداق ئادەم؟

«يولۇن تۆمۈر، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى تونيوقۇقنىڭ ئەۋلادى ئىدى.»

«يولۇن تۆمۈر يۈەن تەيزۇ (چىڭگىزخان)غا ئەگىشىپ كۆپ جەڭلەردە تۆھپە كۆرسىتىپتۇ. خان ئىنىسى ۋۈجىن ئېلگىرى تەيزۇغا ئۆزىگە ئۇستاز ئىزدەش ئىشىنى ئېيتقانىكەن. يۈەن تەيزۇ يولۇن تۆمۈرنى ئىنىسىگە ئۇستاز قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. يولۇن تۆمۈر خانزادىلەرگە رەھىمدىل بولۇش، ئىناق ئۆتۈش، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە ساۋات بېرىپتۇ. تەيزۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى تارتۇقلاپتۇ. ئۇ تەيزۇغا ئەگىشىپ خېنەندىكى مالىمانچىلىقنى باستۇرۇپ دەنشيەن ناھىيىسىدىكى 15 مىڭ كىشىنى لې ئەنگە كۆچۈرۈپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا تەيزۇ ئۇنى خېنەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەربىي يۇقىرالارنى نازارەت قىلغۇچى دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلەپتۇ ھەم يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تەمغا، تۆت نەپەر ئوردا كېنىزىكى ئىنئام قىپتۇ. ئۇ ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەرنى يۇرتىغا ئېلىپ كېلىپ ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىغا بېرىۋېتىپتۇ. تەيزۇ خان ئۇنىڭغا خەنزۇ ئوردىلىرىغا ئوخشاش جابدۇنغان نۆۋكەرلەرنى سەپلەپ بېرىپتۇ. ئەل ــ خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا بەكلا مەيلىكى كەپتۇ. ئۇ خېشى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئىقلىمغا كىرگەنىكەن. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن جايلارنىڭ كۆپ قىسمىدا سۇ يوق ئىكەن. ئۇ شۇ يەرلەرگە قۇدۇق كولىتىپ تۇرا ياستىپتۇ. ئۇ يەردىكى خەلقلەر ۋە كارۋانلار بۇنىڭدىن بەكلا خۇش بولۇشۇپتۇ. تەيزۇ تەختكە چىققاندا ئوتتۇرا ئىقلىمدا ئوغرى ــ قاراقچى بىرقەدەر كۆپ بولغاچقا ئۇنى ئوتتۇرا ئىقلىمغا زالىم ھاكىم بولۇش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ۋۈجىندىن ئايرىلىپ شۇنتيەن يولى قاتارلىقلارنى رەتكە سېلىشقا كىرىشىپتۇ. ئەخلاق تەربىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ ئالۋان ــ ياساق، باج ــ سېلىقنى ئازايتقاندىن كېيىن ئوغرى ــ قاراقچىلار قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايماق ناھىيىلەر تىنجىپتۇ. يولۇن تۆمۈر 67 يېشىدا باۋدىڭدا ۋاپات بولۇپتۇ.»⑨

بۇلار بىز ئىزدىمەكچى بولغان قارا بىلەن ئانچە چوڭ مۇناسىۋىتى يوقتەك قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ بىلگە بۇقا ئىسىملىك ئاكىسى بولۇپ بۇ ئادەم بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتتى.

«ئۇنىڭ ئاكىسى بىلگە بۇقا 16 ياش ۋاقتىدا ۋەزىرلىك مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ تارخانلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئەينى چاغدا قارا قىتانلار ناھايىتى قۇدرەتلىك بولۇپ ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە قارام قىلغان. خەلپەتبەگ شائوكېمنى دارۇغاچىلىققا تەيىنلىگەن. بۇ ئادەم ناھايىتى تەكەببۇر، بەدخەج، ئەيش - ئىشرەتكە ئامراق ئىدى. ئۇيغۇر خانى بۇنىڭدىن ناھايىتى بىزار ئىدى. شۇڭا قارا بۇقىغا مەسلىھەت تەرىقىسىدە قانداق قىلىمىز؟ دەپتۇ. قارا بۇقا: دارۇغاچىنى ئۆلتۈرەيلى، ئاۋام پۇقرالارنى باشلاپ ئۇلۇغ موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتسەك قىتان خانلىقى تەپ تارتىدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم باشلاپ بېرىپ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ تۆھپىسىگە ئىدىقۇت بىلگە بۇقىغا ‹بىلگە قۇت› دېگەن ئۇنۋانىنى، ‹مىڭ بېگى› دېگەن مەنسەپنى، ئايالىغا ‹خاسدېلىن› دېگەن نامنى بېرىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ تۆھپىسىگە ھەسەت قىلىپ خانغا: دارۇغاچ تاقىغان ھالقا ئالدىنقى خاننىڭ تەۋەررۈكى ئىدى، بىلگە بۇقا ئۇنى يوشۇرۇۋالدى، دەرھال ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەك، ئۇ يوقاپ كەتمىسۇن، دەپتۇ. خان گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپتۇ ۋە تەۋەررۈك بويۇمنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بىلگە بۇقا بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامال تاپالماي چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا قېچىپ بېرىپتۇ. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تەمتەك، شىر باشلىق تامغا، ئەجدىھار نەقىشلىك ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئورۇندۇق ئىنئام قىلىپ ئەۋلادلىرىنىڭ سېرىق رەڭلىك كىيىم كىيىشىگە رۇخسەت قىپتۇ. ئۇنىڭغا يەنە تۆت نەپەر نۆكەر سەپلەپ 32 ناھىيىنىڭ ئاشلىقىنى مائاش قىلىپ بېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بەش تۈمەن سەر ئاق كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ. ئىنىسى يولۇن تۈمۈرنى تۇرغاقلىققا تۇتۇپ قاپتۇ. بىلگە بۇقا كېيىنچە كېسەل بىلەن ۋاپات بوپتۇ.»⑩

قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان ۋە ئىجرا قىلغان ئادەمنى ئەڭ ئاخىرى تاپتۇق. ئەمما ئۇنىڭ ئىسمى قالى بولماستىن، قارا بۇقا ئىدى.

بىلگە بۇقانىڭ ھەقىقەتەنمۇ بارچۇق ئىدىقۇتقا ياردەملىشىپ قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «قوچۇ شىي جەمەتى نەسەبنامىسى»دىن مۇنداق خاتىرىنى بايقىدۇق: «قوچۇ شىي جەمەتى نەسەبنامىسى»دا ئېيتىلىشىچە، بۇ ئەسەرنى قارا بۇقىنىڭ چوڭ ئوغلى شىي ۋىنجى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب ئۇۋياڭ شۈەننى يېزىشقا ياردەمگە تەكلىپ قىلغان. بۇ نەسەبنامە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىن بۇرۇن يېزىلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر خاتىرە بار: «ئەينى چاغدا قارا قىتانلار روناق تېپىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەھدىت سېلىپ خەلپەتبەگ شائوكېمنى بۇ ئەلنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلىگەن. بۇ دارۇغاچ ھوقۇقىغا تايىنىپ ئىسراپخورلۇق ۋە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ خانى بۇنىڭغا زادىلا تاقەت قىلالماي قارا بۇقىغا مەسلىھەت تەرىقىسىدە: قانداق قىلىمىز، بىرەر ئامال تاپايلى!، دەپتۇ. قارا بۇقا: دارۇغاچنى ئۆلتۈرۈپ ئاۋام پۇقرالار بىلەن بىرگە موڭغۇل خانلىقىغا بەيئەت قىلساق، قىتانلارمۇ تەپ تارتىدۇ، دەپتۇ ۋە كۆپچىلىكنى

باشلاپ دارۇغاچىنى قورشىۋاپتۇ. دارۇغاچ ئەسكەرلەردىن قېچىپ راۋاقتا چىقىۋاپتۇ. قارا بۇقا راۋاقتا چىقىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ.»⑪

بۇ خاتىرە ناھايىتى تەپسىلىي بولۇپ قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچى ماڭىدىغان يول تاپالماي ئالاقزادىلىك بىلەن نۇۋكەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ راۋاقتا چىقىۋالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىلگە بۇقىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن راۋاقتا چىقىپ كاللىسىنى ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ نەسەبنامىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى مەزمۇنلار «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، بىراق كېيىنكى قىسمىدىكى مەزمۇنلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىكى خاتىرىلەر «قوچۇ شىيې جەمەتى نەسەبنامىسى»دىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

قارىغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىدا راستىنلا بارچۇق ئىدىقۇتقا ياردەملىشىپ قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قارا قىتان خانلىقىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدۇرغان مۇھىم شەخس ئۆتكەن. بۇ مۇھىم شەخسنىڭ نامى بىلگە بۇقا بولۇپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. بىراق تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە بىلگە بۇقا بارچۇق ئىدىقۇتقا ياردەملىشىپ قارا قىتانلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىشتەك زور تۆھپە كۆرسەتكەچكە، كىشىلەر ئۇنى كۆرەلمەي ھەسەت قىلىپ ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەچكە، چىڭگىزخاننىڭ قېشىغا بېرىپ پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولغان. چىڭگىزخان ئۇنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قوشقان تۆھپىسىنى ئۇنۇتماي ئۇنى ئىززەتلىگەن.

## 3. بىلگە بۇقا قارانىڭ ئۆزى شۇمۇ؟

ئۇنداقتا بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بىلگە بۇقا خۇنەن چاڭدې تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادى قارانىڭ ئۆزى شۇمۇ؟ ئىككىسىنىڭ ئىسمىدىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ھۆكۈم قىلالمىساقمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن قارىغاندا بىر ئادەمدەكمۇ قىلىدۇ.

ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ھازىرقى خۇنەن چاڭدې تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ فامىلە ئادىتىگە ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قارانىڭ ئەجداتلىرىنىڭ فامىلىسىنى قارا، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنداقتا بىزنىڭ بىلگە بۇقا دېگەن بۇ ئادەم قارا جەمەتىنىڭ ئەجدادى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشىمىزنىڭ ئاساسى بار. چۈنكى كېيىنكى چاڭدې تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەسەبنامىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ھېلىقى قارانى ئەجداد دەپ قارىشىمىز بىلەن نۇرغۇن ئەجىر قىلىپ تېپىپ چىققان بىلگە بۇقانى ئەجدات، دەپ قارىشىمىز بەكلا ئوخشىشىپ كېتىد-

دۇ. مۇبادا بۇنى ئۆزئارا توغرا كېلىپ قېلىش، دەپ قارىساق بۇنداق توغرا كېلىپ قېلىشنىڭ نىسبىتى بەكلا تۆۋەندەك تۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىزمۇ ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىلگە بۇقىدىن باشقا ئادەمنىڭ شۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقىنى ئىزدەپ باقماقچى بولغاندۇق. لېكىن بىز يېڭى ماتېرىياللارغا ئېرىشەلمىدۇق. يېڭى ماتېرىيالغا ئېرىشەلمىگىنىمىزدىمۇ بىلگە بۇقانى چاڭدې تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بايانىدىكى ئۆز ئەجدادى بولمىش قارا بىلەن بىر ئادەم، دەپ قىياس قىلىشىمىزنىڭ ئاساسى بار.

مۇشۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ يەنە نۇرغۇنلىغان گۇمانلىق تەرەپلەر مەۋجۇت. چۈنكى چاڭدې تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەسەبنامىسىدىكى قارانىڭ بارچۇق ئىدىقۇتقا ھەمدەمدە بولۇپ قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىپلا قالماي، يەنە باشقا بىر قىسىم چوڭ تۆھپىلىرىمۇ بايان قىلىنغان. بۇ ئۇلۇغ تۆھپىلەر تارىختا خاتىرىلىنىشى لازىم ئىدى. مۇبادا بىز بىلگە بۇقا بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېخىمۇ كۆپ مۇھىم بولغان تۆھپىلەرنى تاپالىساق ئۇنى تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قارا توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەھقىقلەپ چىقساق تېخىمۇ تولۇق ئاساسقا ئىگە بولاتتۇق.

جيەن بوزەن ئۆزىنىڭ «مېنىڭ فامىلەم ۋە يۇرتۇم» دېگەن ماقالىسىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ:«1211 ـ يىلى ئىدىقۇت بىلەن قارا كىرولىن دەريا بويىغا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، ئىدىقۇتقا ئاتاق ئوغۇللۇق مەرتىۋىسىنى، قاراغا تۇتۇق، ھۇجۇمچى سانغۇن دېگەن مەنسەپلەرنى بەرگەن. قارا چىڭگىزخاننىڭ كاتتا ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان. ئۇ باتۇر، دانىشمەن بولغاچقا تېمۇرچىن قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنلارنىڭ ئاتامانى بولغان» دەيدۇ.

بۇنى مۇھىم يىپ ئۇچى دېيىشكە بولىدۇ. بىراق بىز نۇرغۇن ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ئەسەرلەرنى ئاختۇرۇپ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر يىپ ئۇچى تاپالمىدۇق. بىراق بىز ھېچ بولمىغاندا بىلگە بۇقىنىڭ چىڭگىزخان قوماندانلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ئاتامانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى، لېكىن ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى بىلىمىز.

بىلگە بۇقا ياشىغان دەۋرلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئوخشاش بىر دەۋردىكى قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئەمەس، بەلكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئەينى چاغدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار نۇرغۇنلىغان نوم ـ شاستىرلارنى تەرجىمە قىلىپ، كۆپلىگەن مىڭئۆيلەرنى قېزىپ بۇددا، دىنىنىڭ مەسلەكلىرىنى تارقىتىپ، ھەر خىل مەبۇدلارغا تېۋىنىپ، ئىسلام دىنىنى يەكلەش پوزىتسىيىسىدە بولغان. بۇددا دىنى ئەينى چاغدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى ئىدى. بىلگە بۇقا دۆلەتنىڭ باش ۋەزىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئىيلا دۆلەتنىڭ دىنىي پرىنسىپىغا ئاسىيلىق قىلماي، ئەكسىچە دۆلەت دىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ

باشقا دىنلارنىڭ دۆلەت دىنىغا توسالغۇ بولىدىغان ئېھتىماللىقىنى يوق قىلىشتەك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالاتتى.

ئىران تارىخچىسى جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر خاتىرە بار: «مۆڭگۈخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئىدىقۇتقا تەۋە قارا خوجا ۋە بېشبالىق رايونىدىكى خەلقلەر يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەبلەر يۇرتىدىن كەلگەن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بار ئىدى. مۆڭگۈخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى بىرىنچى چوڭ ئىشى ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغانلارنى يوقىتىش بولدى. نۇرغۇنلىغان كونا ۋەزىرلەر قەتلى قىلىندى. چاغاتاي بىلەن ئوگدايلارنىڭ بىرلىشىپ مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ 10 تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بېشبالىق شەھىرى بىلەن مۆڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارا قورۇم ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوگدايىنىڭ سۇيىقەست پىلانلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئوگدايىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاساسەن بېشبالىق بولۇپ، يەرلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. بىراق مۆڭگۈخان ئوگدايىنىڭ زېمىنىنى پارچىلاپ، ئوگدايىنىڭ ئەۋلادلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ، ئوگدايىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ سىرتتىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى يۆلەپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا بېسىم پەيدا قىلدى.

1252 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرى مەخپىي ھالدا مۆڭگۈخانغا قارشى بىر قېتىملىق توپىلاڭ پىلانلىدى. ئۇلار بەش تۈمەن نۆۋكەردىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇن تۈزۈپ، مەلۇم بىر جۈمە كۈنى بېشبالىق ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلاردا ئولتۇراقلاشقان مۇسۇلمانلارنى بىر قېتىملىق چوڭ قىرغىن قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ يەردىكى مۆڭغۇل قوشۇنلىرىنى يوقىتىشنى پىلانلىدى. ياشىنىپ قالغان بىلگە بۇقا مۇشۇ قېتىمقى چوڭ ۋەقەگە قاتناشقۇچى ۋە پىلانلىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. بەختكە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش پىلانىنى بىلگە بۇقىنىڭ مالىيى تەگمىش ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىپ، مۆڭغۇل ئوردىسىغا مەلۇم قىلغان. مۆڭگۈخان دەرھال ئىدىقۇت ۋە بىلگە بۇقىنىڭ بېلىدىن چېپىپ تاشلاش توغرىسىدا جىددىي پەرمان چۈشۈرگەن.»⑫

مۇبادا بۇ خاتىرىلەر راست بولىدىغان بولسا ئۇ ھالدا ئىلگىرى قارا قىتان خانلىقىنىڭ دارۇغاچىنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۇرۇش ئوتىدىن ساقلىنىپ قېلىشىغا ھەمدەمدە بولۇپ، زور تۆھپە كۆرسەتكەن بۇ ۋەزىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغاچقا، مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلماقچى بولغان. بۇنىڭ بۇنداق تەلەتىدىن ئۇنىڭ ئىلگىرى ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ھازىرغا قەدەر جيەن بوزەن ئەپەندى ئېيتقان بىلگە بۇقىنىڭ ئىلگىرى چىڭگىزخان

قوماندانلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئاتامانى بولغان، دېگەن تارىخىي ھۆججەتنى تې-
پىشىمىزغا ئامال بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنىڭ راستلىقىغا ھۆكۈم قىل-
غىلى بولمايدۇ. بىراق بىلگە بۇقا موڭگۇخانىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا بولغان
ئادالەتسىزلىكىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان ھەم ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۇسۇل-
مانلارنى قىرىشنى باھانە قىلىپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ،
مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتەك تارىخىي ۋەقەنى قوزغىغانلىقى توغرىسىدىكى تا-
رىخىي پاكىتلار ناھايىتى تولۇق. چۈنكى، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا موڭغۇل خانلىقى بىلەن پۈت
تېپىشىپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىدىقۇتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سالغان.
ئۇ چىڭگىزخان دەۋرىدە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن قانچىلىك ئۇلۇغ تۆھپە كۆر-
سەتكەن بىلەن موڭگۇخانىنىڭ كەڭچىلىكىنى ناھايىتى تەستە قولغا كەلتۈرگەن.
شۇڭلاشقا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ ئادەمگە باھا بەرگەندە ناھايىتى ئېھتىيات قىلغان.
بىلگە بۇقا ھەقىقەتەنمۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئادەم، ئەگەر جۇۋەينىنىڭ مەلۇ-
ماتىغا ئاساسلانغاندا، بىلگە بۇقا ئەڭ ئاخىرىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسارىتىدىن
قۇتۇلۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بول-
غانلىقىدىن، ئەڭ ئاخىرىدا موڭگۇخان ئۇنىڭ بېلىدىن چېپىپ تاشلىغان، ئۇنداقتا
موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەيدانىدىن قارايدىغان بولساق، ئۇ چوقۇم ئىسيانكار دەپ
ئاتىلىشى مۇقەررەردەك قىلىدۇ. بىراق كېيىن يېزىلغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىكى
ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلار خاتىرىسىدە بىلگە بۇقىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇلار
بىلگە بۇقىنىڭ موڭغۇللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تۆھپىسىنىڭ خاتالىقىدىن ئۈستۈن
تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ئويلاپ ئۇنى نەزەرگە ئالسا
تېخى تۇرغان، موڭگۇخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى نەزەرگە ئالمىسا تېخى تۇر-
غان، شۇڭا ماختاش ياكى تەنقىد قىلىشنى راۋا كۆرمەي چەتنەپ ئۆتۈپ كەتكەن. بەلكىم
مۇشۇ سەۋەبلەردىن بۇنداق مۇھىم شەخسكە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا مەخسۇس تەر-
جىمىھال تۇرغۇزۇلمىغان. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىنىسى يۇلۇن تۆمۈر تەرجىمىھالىدا ئۇ ئۇ-
چۇن بىر بوشلۇق قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆھپىسى تارىخقا پۈتۈلگەن.
قارىغاندا تارىختىكى بىلگە بۇقا جاھاننى تەۋرەتكۈدەك ئىش قىلالايدىغان ئادەمدەك
قىلىدۇ.
بىراق بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتقا ياردەملىشىپ قارا قىتان خانلى-
قىنىڭ داروغاچىنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى ئاز - تولا بولسىمۇ بىلىۋالدۇق. تارىختا ھەقى-
قەتەنمۇ شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ بىلگە بۇقا ئىكەنلىكىنى بىل-
دۇق، لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇ شەخسنى چاغدىي تاۋيۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئەجدا-
دىمىز، دەپ قارايدىغان قارا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەيمىز. چاغدىي تاۋيۈەن ناھى-
يىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «جيەن جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى»دە قارا بارىستىن بۇرۇنقى

ئەجدادى توغرىسىدا ھېچقانداق يىپ ئۇچى بولمىغاچقا، قارا بارس بىلەن ئىدىقۇت ئۇيـ-
غۇر خانلىقىدىكى بىلگە بۇقا ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
بىلەلمەيمىز. جىيەن جەمەتى تەزكىرىسىدىكى قارا بارچۇق ئىدىقۇتقا ھەمراھ بولۇپ
كىرولىن دەريا بويىدا چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە چىڭگىزخان قاراغا «تۇتۇق»،
«ھۇجۇمچى سانغۇن»، مەنسىپىنى بەرگەن، شۇنداقلا ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى بول-
غانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلەردە بىلگە بۇقا توغرۇلۇق خاتىرىلەر ئۇچرىمىغاچقا، قارا
بىلەن بىلگە بۇقا ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئۆزئارا ماس كەلمەيدىغان تەرەپلەر مەۋجۇد.
شۇڭا بىز باشتىن - ئاخىر بىلگە بۇقا ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىغا ئائىت بىر قىسىم
يىپ ئۇچىنى ئىزلىمەكتىمىز.

### 4. تاساددىپىي بايقاش

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىن بىلگە بۇقىنىڭ يولۇن تۆمۈر ئىسىملىك بىر ئىنىـ-
سىنىڭ بارلىقىنى، يولۇن تۆمۈرنىڭ قارا بۇقا ئىسىملىك بىر ئوغلىنىڭ بارلىقىنى،
ئۇلارنىڭ باشتىن - ئاياق ئوتتۇرا ئىقلىمدا ئەمەلدار بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىلدۇق.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئىقلىمدا تۇرۇپ قالغانلىقىغا تامامەن ئىـ-
شەندۇق. مۇشۇ پەرەزنى تۇتقا قىلىپ ئىنتېرنېت تورىدىن قارا بۇقىغا ئائىت ئۇچۇرلار-
نىڭ بار - يوقلىقىنى تەكشۈردۇق. ئويلىمىغان يەردىن قارا بۇقىنىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسى
چاڭجوۋ سۇياڭ شەھىرى شاجاڭ كەنتىگە دەپنە قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلاد-
لىرىنىڭ شيې فامىلىسى بىلەن چاۋشيەن، كورىيە، ۋېيتنام، موڭغۇلىيە ۋە دۆلەت ئىـ-
چىدىكى ئوندىن ئارتۇق ئۆلكىدە تا بۈگۈنگە قەدەر ياشاۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق. شاجاڭ
كەنتىدىكى نوپۇسىمۇ ئاۋۇپ ئالتە يۈزدىن ئارتۇق كىشىگە يېتىپتۇ. شيې جەمەتى قارا
بۇقىنى ئۆزلىرىنىڭ 5 - ئەجدات بوۋىسى دېيىشىدىكەن. بۇنىڭدىن بىز بىلگە بۇقا جە-
مەتىنىڭ ئاۋۇپ ئۈزۈلمەي كەلگەنلىكىدەك ئۇچۇرنى ئىگىلەپلا قالماي، ئىلگىرى غەربىي
يۇرتتىكى مەرتىۋىسى ئۈستۈن شيې جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرىنى تېپىپ چىقتۇق. «قوچۇ
شيې جەمەتى نەسەبنامىسى»نى بۇرۇن بىلسەكمۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر جەمەتىنىڭ بۇ كېـ-
يىنكى ئەۋلادلىرىنى قەيەردىن ئىزدەشنى بىلمەيتتۇق. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە
بۇ پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندەك قىلىدۇ.

2005 - يىلى 9 - ئايدا مەن شاجاڭ كەنتىگە كېلىپ ئۇ يەردىن ناھايىتى قىممەتـ-
لىك بولغان «شاشى شيې جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»نى قولغا چۈشۈردۈم. بۇنىڭدىن
جياڭسۇ چاڭجوۋ سۇياڭ شەھىرىدىكى شيې جەمەتىنىڭ فامىلىسى ئەسلىدە شيې ئە-
مەسلىكى، ئەجداتلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلە شەكلىدە داۋاملاشمىغانلىقى مەلۇم بولدى.
ئۇلارنىڭ بىرىنچى بوۋىسى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋەزىرى، نامى
ئەلگە مەشھۇر تۇنيوقۇق ئىدى. ئىككىنچى بوۋىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى

دۆلەت ۋەزىرى قىچپور ئىدى. بىرىنچى بوۋىسى بىلەن ئىككىنچى بوۋىسى ئارىلىقىدا 230 يىل بوشلۇق بار. ئەمما قىچپۇردىن تارتىپ نەسەب ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلىنىپ ماڭغان. بوبى ئۈچىنچى بوۋىسى، ياسىبى تۆتىنچى بوۋىسى بولغان. بىلگە بۇقا ياسىبىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ 5 ـ بوۋىسى دېيىلگەن. ياسىبىنىڭ 2 ـ ئوغلى يولۇن تۆمۈر يەنى قارا بۇقىنىڭ دادىسى ئىدى. قارا بۇقا 6 ـ بوۋىسى دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شىيې جەمەتىنىڭ دەل قارا بۇقىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلگەن ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قارا بۇقىنىڭ چوڭ ئوغلى شىيې ۋىنجى بولۇپ شىيې جەمەتىدە شىيې فامىلىسىنى قوللانغان تۇنجى كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىيې خېتىنى فامىلە قىلىپ تاللىشىنىڭ سەۋەبى، بەلكىم ئەجداتلىرى ئىلگىرى سىلىنگېر (تارىخى ئەسەرلەردە سىلىنگا دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەرياسىدا ياشىغاچقا، ئەجداتلىرىنىڭ ياشىغان ماكانىنى ئۇنۇتماسلىق، سېلىنگا دەرياسى خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولغان 偰辇杰河 دىكى شىيې (偰 xie) خېتىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ تاللىغان. كېيىنكى ئەۋلادلار ئاتا ـ ئەجداتلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن شىيې ۋىنجى ئەدىب ئۇۋياڭ شۆەننى «قوچۇ شىيې جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى»نى يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ جەمەتىنىڭ شانلىق تارىخىنى جەۋلان قىلغان. بۇ تەزكىرىدە كېيىن يېزىلغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۆھپە كۆرسەتكەن ۋەزىرلەرنىڭ تەرجىمھالىنى يېزىشتا پايدىلىنىدىغان ئۈرنەك بولۇپ قالغان⑬.

شىيې جەمەتى قانداقلارچە سۇياڭنىڭ شاجاڭ كەنتىگە كېلىپ قالغان؟ ئېيتىلىشىچە، شىيې ۋىنجى جەنۇبقا ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش سەپىرىدە سۇياڭغا كېلىپ بۇ يەردە دارۇغاچ بولۇپ تۇرۇۋاتقان نەۋرە ئاكىسىنى يوقلىغان ھەم شاجاڭ كەنتى مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ قايتقۇسى كەلمەي، بۇ يەردىن تۇرالغۇ ئۆي سېتىۋالغان. ئوردىدىكى خىزمىتىدىن چېكىنگەندىن كېيىن مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇڭلاشقا شىيې ۋىنجى شىيې جەمەتىدىكىلەر ئىچىدە شاجاڭ كەنتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۇنجى كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«شاشى شىيې جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»دە بىلگە بۇقا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئاۋۇپ بارغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر مەۋجۇد. بىز بىلگە بۇقىنىڭ ئىككى ئوغلى بارلىقىنى، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى قۇتۇ (قۇتلۇق)، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى يۇچۇ ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. قۇتۇ تۆت پەرزەنتلىك، يۇچۇ سەككىز پەرزەنتلىك بولغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار شىيې جەمەتى قارا بۇقىنىڭ ئەۋلادلىرى سۈپىتىدە داۋام قىلغانلىقتىن بىلگە بۇقا جەمەتىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار قىسقارتىۋېتىلگەن.

بىراق بۇ توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ئاز بولسىمۇ شاجاڭ كەنتىدە ئوخشاش ۋاقىتتا يەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىدىقۇتتىن بۇ يەرگە كەلگەن باشقا بىر مەرتىۋىلىك جەمەت بار بولۇپ، ھازىر ئۇلار پۇ (بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «بۇ» دېگەن خەتنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىغا توغرا كېلىدۇ) فامىلىسىنى قوللىنىدۇ. ئادەمنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغى-

نى پۇ جەمەتى ئۆزلىرىنى شىپ جەمەتى بىلەن ئوخشاش ئورۇقتىن كېلىپ چىققان، يەنى بىلگە بۇقا بىلەن بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار، دېيىشىدۇ.

«پۇ جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تونيۇقۇق پۇ جەمەتىدىكىلەرنىڭ بوۋىسى ئىدى. ئەمما قىجىپۇر بىرىنچى بوۋىسى، يۆبى ئىككىنچى بوۋىسى، دارىن (ياسىبىنىڭ ئىنىسى) ئۈچىنچى بوۋىسى، بىلگە بۇقا تۆتىنچى بوۋىسى، قوتۇ بەشىنچى بوۋىسى، دېيىلگەن. بۇ ئارقىلىق ئاخىرى بىلگە بۇقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىنى تېپىپ چىقتۇق.

ئىككى ئائىلىنىڭ جەمەت شەجەرىسىگە ئاساسەن پۇ جەمەتىدىكىلەرنىڭ سۆياڭ شاجاڭ كەنتىگە شىپ جەمەتىدىن بۇرۇن كەلگەنلىكىنى بىلدۇق. قوتونىڭ سالدىۋىي ئاتلىق ئوغلى بولۇپ، سۆياڭدا دارۇغاچ بولغان. شىپ ۋىنجىنىڭ سۆياڭدا يوقلىماقچى بولغان نەۋرە ئاكىسى دەل سالدىۋىي ئىدى. سالدىۋىي پۇ جەمەتىدىكىلەر ئىچىدە سۆياڭ شاجاڭ كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان تۇنجى كىشى ئىدى.

«پۇ جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى»نىڭ 3 ـ جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن ئەينى چاغدا جىنشىيەن مەدرىسەسىدىكى جاڭ چيەن يازغان «ياش تەپتىش بېگى شابېگىمىنىڭ قەبرە خاتىرىسى»دە: «بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى سالدىۋىي بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىسى ئىدىقۇتلۇق ئىدى. دادىسىنىڭ ئىسمى بىلگە بۇقا بولۇپ، ۋەزىرلىك مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. تۆھپىسى زور بولغاچقا، ئىدىقۇتلۇقلار ئۇنى بىلگە قۇتلۇق، دەپ ئاتىغان. ئىلگىرى باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆزىنى ئاقلىيالماي، يۈەن تەيزۇنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان. تەيزۇ ئۇنىڭغا موڭغۇلچە نام ئىنئام قىلىپ 33 ئايماقنىڭ ئاشلىقىنى ئۇنىڭغا مائاش قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى قۇتلۇق بولۇپ كېڭەش بېگى ئىدى. ئاتىسى ۋە ئائىلىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئەمەلدار بولغان بولۇپ نامى مەشھۇر ئىدى. كېيىنچە جياڭنەن (چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ) شىڭتەيىنىڭ باش تەپتىش بېگى بولغان» دەپ يېزىلغان.

بۇلار سالدىۋىينىڭ قوتو (قۇتلۇق)نىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قەبرە خاتىرىسىدە يەنە:«دەسلەپتە ئۇ لياڭ رايونىنىڭ دارۇغاچى بولغاندا يۇرتنى ياخشى ئىدارە قىلىپ پۇقرانى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك ئىززەتلىگەن. ئۇ شۇ يەردىن ئايرىلغاندا پۇقرالار ئۇنى توسۇۋېلىپ ئۇنىڭ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈنگەن. ئۇ لياڭلىقلارنىڭ ئاقكۆڭۈللىكىنى بەكلا ياقتۇرغاچقا ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا بۇيرىغان. لياڭلىقلار بۇ يەرنى شاچاڭلى دەپ ئاتىغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن شيۈەندىكى بىر تاغ باغرىغا دەپنە قىلىنغان.» دەپ يېزىلغان.

پۇ جەمەتىنىڭ پۇ دېگەن خەتنى ئۆزىگە فامىلە قىلىشى ئۆزلىرىنىڭ 8 ـ ئەجدات بوۋىسى بۇيان بۇقا بىلەن بۇيان تۆمۈردىن كېلىپ چىققان. «پۇ جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى»نىڭ بىرىنچى جىلدىدىكى «فامىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە»دە ئېنىق قىلىپ:«پۇ جەمەتىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇيان بۇقا، بۇقا تۆمۈر دېيىلگەن بو-

لۇپ، قىجپۇرنىڭ 8 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى بىلگە بۇقا يۈەن سۇلالىسى
تارىخىدا بۇيان بۇقا تۆمۈر نايمان جەمەتى، دېيىلگەن. مىڭ تەيزۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ
تەختىگە چىقىپ سەلتەنەت سۈرگەندە بۇ ۋاقىتتىكى كۆپ ساندىكى خەلق خەنزۇ فامى-
لىسىنى قوللانغان بولغاچقا، بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەۋلادلىرىمۇ شۇ يوسۇندا فامىلىسىنى
پۇ (普)غا ئۆزگەرتكەن. شۇڭا سۇياڭدا
پۇ جەمەتىنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئى-
دى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا سۇ-
ياڭ شاجاڭ كەنتىدىكى پۇ جەمەتىدى-
كىلەر بىلگە بۇقا بىلەن تاتاتۇڭادىن
ئىبارەت ئىككى جەمەتىنىڭ قوشۇلۇ-
شىدىن كېلىپ چىققان. هازىر بىزدە
تاتاتۇڭا بىلەن بىلگە بۇقىنىڭ بىر ئا-



ئىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھەقىقىي ماتېرىيال يوق. بىراق بۇ ماقا-
لىنىڭ باش تېمىسى بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىش بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە توختالمايمىز.
بىز ئالدى بىلەن بىلگە بۇقىغا قاراپ باقايلى!

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. 83 ـ جىلد. تەزكىرىلەر»نىڭ بۇيان بۇقا خاتىرىسى-
دە:«بۇيان بۇقىنىڭ ئىسمى شى گۇ بولۇپ موڭغۇلچە ئىسىم ئىدى. كەڭ قورساق ۋە بى-
لىملىك زات بولۇپ جىجېڭنىڭ 5 ـ يىلى گوزىشېڭ ئىمتىھانىدا ئەلىيۇلئەلا بولغان
ھەم خەنلىن مەدرىسەسىدە تەشرىپدار بولغان. كېيىنچە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ غەيرىي
رەسمى ئامبىلى بولغان. جىجېڭ 11 ـ يىلى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ئوڭ سول ـ قول
ئەمىر لەشكەر كاتاۋۇلى بولغان. جى جۇۋ، خۇاڭ جۇ، شۇشۇۋخۇيلار توپىلاڭ كۆتۈرگەن-
دە بۇيان بۇقا ئۇرۇش ۋە مۇداپىئە كۆرۈشتە زور تۆھپە كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئىش ـ
ئىزلىرى ‹داتۇڭ تەرجىمىھالى›دا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. جىجېڭنىڭ 16 ـ يىلى
جياڭشىنىڭ مۇئاۋىن تەپتىش بېگىلىك مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئور-
دىغا قايتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشكەن. خان ئۇنى يىدۇنىڭ دارۇغاچىلىقىغا تەيىنلە-
گەنلىك خۇسۇسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. كېيىنچە شەندۇڭنىڭ تەپتىش بەگلىكىگە تە-
يىنلەنگەن. ئارقىدىنلا قارا دىۋاننىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەنلىك توغرىسىدا
يارلىق چۈشكەن. جىجېڭنىڭ 18 ـ يىلى خاندىن قارا دىۋان ياساۋۇل تەپتىش بېگى لى
گوفىڭ بىلەن بىرگە جياڭنەن رايونىنى ئىدارە قىلىش خۇسۇسىدا يارلىق چۈشكەن.
جيەن نىڭغا كەلگەندە جياڭشىدىكى جېن يۇۋلياڭ گې مىڭنى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا
ئەۋەتكەن. دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى ئاروۋىنىسا قاتارلىقلار يېرىم كېچىدە قېچىپ كەت-
كەن لى گوفىڭ يەن چىڭنى مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن شە-
ھەر قولدىن كېتىپ قېچىپ كەتكەن. بۇيان بۇقا: ‹مەن يارلىققا بىنائەن بۇ يەرگە كەل-
گەن تۇرۇقلۇق نەگىمۇ بارىمەن، مەن بۇ شەھەر بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىرگە بولىمەن،

دەپ قەسەم ئىچكەن. ئۇ مۇداپىئە سېپىلى ياساشقا بۇيرۇق بەرگەن. دۈشمەن بىلەن 64 كۈن تىركىشىپ ئاخىر ئوغرى ـ قاراقچىلارنى مەغلۇپ قىلغان. ياندۇرقى يىلى خان بۇيان بۇقىنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىپ شەندۇڭنىڭ ھۆدەيچى بەگلىكىگە تەيىنلىگەن. كېيىنچە خان تەرىپىدىن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خانلىق مۇئەككىلى، زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىنىپ يىدۇنى ساقلاشقا بۇيرۇلغان. مىڭ خانلىقىنىڭ قوشۇنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا يىدۇنى جان تىكىپ قوغدىغان. شەھەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى باۋباۋ تەسلىم بولغان. بۇيان بۇقا قايتىپ بېرىپ ئانىسىغا: «مەن دۆلەتكە سادىق، ئاتا ـ ئانامغا ۋاپادار ئوغۇلمەن، مېنىڭ ئىككى ئىنىم بار، ئۇلار سىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزدىن خەۋەر ئالسۇن!»، دېگەن. ئۇ ئانىسى بىلەن خەيرلىشىپ يامۇلغا بېرىپ زالدا ئولتۇرغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ئادەم ئەۋەتكەن. لېكىن ئۇ تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغان. مىڭ سۇلالىسى سانغۇنى ئۇنى باغلىغاندا، بۇيان بۇقا ئۇنىڭغا: «مېنىڭ يۈەن خانلىقىدىكى ئەمەلدارلىق مەنسىپىممۇ ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى، مەن ئۆز قاغانىم ئۈچۈن جان بېرىشكە تەييارمەن»، دېگەن. ئۇ بويسۇنمىغاچقا مىڭ سانغۇنى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.»

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىلگە بۇقىنىڭ كۆكۈن نەۋرىسى ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ ئۇرۇق ـ جەمەتىگە شەرەپ كەلتۈرگەچكە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ئىسمىدىكى بىرىنچى خەتنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ قوللانغان. «پۇ جەمەتى» ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

جيەن ئۇرۇقىنىڭ بىرىنچى بوۋىسى بولغان قارا بارس يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ياشىغان شەخس بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن پۇ ئۇرۇقىدىكى بۇيان بۇقانى ئوخشاش بىر دەۋرگە تەۋە ھۆكۈم قىلالايمىز. بىراق بىز «پۇ جەمەتى نەسەبنامىسى»دىن قارا بارس دېگەن ئادەمنى تاپالمايمىز. بىلگە بۇقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان پۇ ئۇرۇقىنى تاپقان بولساقمۇ بۇنى خۇنەن چاڭدې تاۋيۈەندىكى جيەن ئۇرۇقى بىلەن باغلاپ ئىزاھلاشقا ئامالىمىز يوق.

ئەلۋەتتە پۇ ئۇرۇقى بىلگە بۇقىنىڭ پەقەت بىر نەسەبى، خالاس. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، 12 نەۋرىسى بار ئىدى. ئون ئىككى نەۋرىسىنىڭ ھەرقايسىسى ھەربىر بوغۇننى ھاسىل قىلغان بولۇپ ئۇلارنىڭ قانچىلىك نەسەبكە ئايرىلغانلىقىنى بىلمەيمىز. نۇرغۇنلىغان بوغۇنلار پۇ جەمەتىنىڭ شەجەرىسىدە ئۈزۈلۈپ قالغان ياكى يوقالغان. ئۈزۈلۈپ قالغان ياكى يوقالغان بوغۇنلار ئىچىدە خۇنەن چاڭدې تاۋيۈەندىكى جيەن ئۇرۇقى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيمىز. مۇكەممەل ماتېرىيال بولمىغاچقا بۇ توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى خۇلاسە قىلىش ناھايىتى قىيىن توختايدۇ. بىراق جيەن ئۇرۇقىنىڭ ھېلىقى ئۇلۇغ بوۋىسى قارانى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تارىخى تۆھپە ياراتقان، دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا قالى

بىلەن بىلگە بۇقا بەكلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. دەرۋەقە شۇنداق بولىدىغان بولسا جيەن ئۇرۇقى، پۇ ئۇرۇقى ۋە شيې ئۇرۇقلىرى ئوخشاش بىر نەسەبتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

## 5. ئاخىرلاشمىغان خۇلاسە

خۇنەن چاڭدې تاۋيۇەندىكى جيەن ئۇرۇقى ئەجدادىمىز دەۋاتقان قارانىڭ قانداق ئادەملىكى بۇ يەرگە كەلگەندىمۇ تېخى ئايدىڭلىشىپ كەتمىدى. گەرچە قارا قارىماققا بىلگە بۇقىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ بىراق ئۆز ئارا ماس كەلمەيدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرى بار. بۇ مەسىلىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈشتىن باشقا ئامال يوق. بىراق دەلىللەش ۋە تەكشۈرۈش ناھايىتى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەينى يىللاردا تارىخشۇناس جيەن بوزەن ئەپەندى ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى دەلىللىگەندە جيەن ئۇرۇقىنىڭ ئېتنىك تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ ئېنىق بولماسلىق سەۋەبىنى «مېنىڭ فامىلەم ۋە يۇرتۇم» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:«... مەن ئارخىپ ماتېرىياللار يوقاپ كەتكەن، دەپ قارىمايمەن، بەلكى زىيارەت جايىدا بولمىغان، دەپ قارايمەن، چۈنكى يۈەن ۋە مىڭ ـ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت ئالمىشىپلا قالماي، مىللەتلەردىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. بۇ جەرياندا ئۇرۇش ـ جېدەللەر غولداپ، ھاكىمىيەتلەر ئالماشقان ياكى يۆتكەلگەن. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئارخىپ ماتېرىياللار يوقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسى تارىخى ئاددىي يېزىلغان سۇلالە تارىخى بولۇپ، ھەممە ۋەقەلىك تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇق ـ جەمەتلەرنىڭ تەزكىرىلىرىگىمۇ ئورۇن قالدۇرۇلمىغان.» مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى قوللايمەن.

خۇنەن چاڭدې تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادى قارا توغرىسىدىكى بىرقانچە ئىزاھقا قارىتا خۇلاسە چىقىرىش بىرقەدەر قىيىن بولسىمۇ، بىراق ھەرھالدا بۇ ھەقتە بىر قىسىم يىپ ئۇچلىرى تېپىلىپ، بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنى بىر قىسىم ماتېرىيال ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدىم، دەپ ئويلايمەن ھەمدە مۇشۇ بويىچە ئىلگىرىلىسەك بۇ ھەقتىكى تەتقىقات قىممىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئىزاھاتلار:

① خې گۇاڭيۇ تۈزگەن «خۇنەن ـ خۇبېيدىكى تارىخىي ۋەقەلەر»نىڭ 37 ـ جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن «تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرى —— جيەن جەمەتى»دىن نەقىل كەلتۈرۈلدى.

③ ② «جيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ 1956 ـ يىلى ئۇيغۇر يۇرتىنى تەكشۈرۈش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئۈزۈندە»، «تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ مىللەت ۋە دىن تارىخى»، 23 ـ بەت. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تاۋيۈەن ناھىيىلىك كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمى، تاۋيۈەن ناھىيىلىك مىللىي ـ دىنى ئىشلار ئىشخانىسى تۈزگەن، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدا باستۇرغان (ئىچكى ماتېرىيال).

④ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» (يېڭى تەرجىمىسى، قىسقىچە شەرھى)، داۋرۇن تىبۇ تەييارلىغان نۇسخىسى، 266 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى نەشرى.

⑤ جوۋەينى:«تارىخى جاھانگۇشاي»، 266 ـ بەت، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

⑥ راشىددىن:«جەمئۇتتەۋارىخ» (1 ـ جىلد 1 ـ قىسىم)، 242 ـ بەت، سودا ئىشلىرى باسمىخانىسى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

⑩ ⑨ ⑧ ⑦ سۇڭ ليەن (مىڭ سۇلالىسى) قاتارلىقلار تۈزگەن:«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1976 ـ يىل نەشرى، 3046 ـ، 4384 ~ 4386 ـ، 3049 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑪ «گۇي جەي ماقالىلىرى توپلىمى» (11 ـ جىلد)، سودا ئىشلىرى باسمىخانىسى، «تۆت بۆلۈم ئەسەرلەرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى»غا قاراڭ.

⑫ جوۋەينى:«تارىخى جاھانگوشاي» 55 ـ 59 ـ بەتلەرگە قاراڭ، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

⑬ شيې يىڭفې تۈزگەن:«شيې جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»

**پايدىلانغان ئەسەرلەر:**

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» (يېڭى تەرجىمىسى، قىسقىچە شەرھى)، داۋرۇن تىبۇ نەشرگە تەييارلىغان، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىلى نەشرى.

فىڭ چېڭچۈن تەرجىمە قىلغان: «دوسسان موڭغۇل تارىخى» (I) ئەسىر نەشر گۇرۇھى، شاڭخەي كىتابخانا نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.

سۇڭ ليەن (مىڭ سۇلالىسى) تۈزگەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 1976 ـ يىلى جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشرى.

جوۋەينى: «تارىخى جاھانگۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى.

راشىددىن: «جەمئۇتتەۋارىخ»، 1 ـ قىسىم، سودا ئىشلىرى باسمىخانىسى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

رىنا · گرۇسست: «بوزقىر ئىمپېراتورلۇقى»، لەن جى تەرجىمە قىلغان، سودا

ئىشلىرى باسمىخانىسى، 1999 ـ يىلى نەشرى.

جاڭ چوەنشى:«جيەن بوزەننىڭ تەرجىمىھالى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

خېفىيلىق كەن جۇڭخەن ئەپەندىنىڭ يالداما ئەسرى:«شىنجاڭدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، گۇاڭشۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يېسىلغان.

«جيەن جەمەتىنىڭ شەجەرىسى»، خوتەن چاڭدې تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى تەزكىرىسى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

«چاڭدې مەھكىمىسىنىڭ تەزكىرىسى»، 1 ـ توم (29 ـ 30 ـ بەت)، تاۋيۈەن ناھىيىسى (كونا تەزكىرە) تيەن يىكې (天-阁)دا ساقلانغان مىڭ دەۋر باسمىسى. جياڭ چاڭدې مەھكىمىسى تەزكىرىسى (خوتەن ئۆلكىسى).

«شاشى شيې جەمەتى نەسەبنامىسى»

«پۇ جەمەتى نەسەبنامىسى»

«مىڭ سۇلالىسى يىلنامىسى»

«غەربىي يۇرت سەپەر خاتىرىسى، غەربىي يۇرت يات ئەللەر خاتىرىسى»، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېن چېڭ تۈزگەن، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1991 ـ يىلى نەشرى.

«شىنجاڭ تەتقىقاتى»، جۇڭگو چېگرا رايون تارىخ ـ ئەدەبىيات جەمئىيىتى ئەپكارى (Ⅱ)، جۇڭگو چېگرا رايون تارىخ ئەدەبىيات جەمئىيىتى، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 53 ـ يىلى، تەيبېي.

«شىنجاڭ يەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

ماجيەنچۈن:«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرققە كۆچكەن غەربىي يۇرتلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.

(قىسقىچە ئىزاھات: 1) مەزكۇر ماقالە جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلۇپ ئالقىشقا ئېرىشكەن بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان. 2) «哈勒» سۆزى مەتبۇئاتلاردا ئىلگىرى «قالى»، «خېلىل»، «قارا» قاتارلىق بىرقانچە خىل ئاتالغۇدا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بىز مەزكۇر ماقالىنى تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ تەرجىمىسىنى ھۆرمەت قىلىپ «قارا» دەپ ئالدۇق ــ مۇھەررىردىن)

(رەيھان قادىر: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدا، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى)

(تەلئەت ئوبۇلقاسىم تومەن: شىنجاڭ مىكتۆي تەتقىقات ئورنىدا)

# «ئوغۇزنامە»دىكى ئىلاھىي دەرەختىن يارىلىش ئەپسانىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمى

قۇربان مۇھەممەتتۇردى نىران



شەيئىلەرگە تۇپ مەنپەئەتدارلىق نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىپ، ھادىسىۋى ئوخشاشلىقتىن يەكۈن چىقىرىشقا كۆنۈكۈپ كەتكەن قەدىمكى زامان كىشىلىرى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئادەمدىنمۇ ئۇزاق ياشىيالايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى دەل - دەرەخلەرگە باغلىغان، دەل - دەرەخلەرنى ئەجداد سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، بۇ توغرىلىق ھەرخىل رىۋايەتلەرنى توقۇشقان ئىدى. جىنس نۇقتىسىدىن مەۋىلىك دەرەخلەرنى چىشى، مېۋىسىز دەرەخلەرنى ئەركەك، دەپ تۈرگە ئايرىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىچى كاۋاك ياكى غولىدا كاۋاك - تۆشۈك بار دەرەخلەر جىنسقا چوقۇنۇش ئېتىقادى سۈپىتىدە چىشى تۈرگە ئايرىلغان ئىدى. چۈنكى قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئىچى كاۋاك، يۇمىلاق، پېتىنقى يۈزلۈك نەرسىلەر ئاياللىق جىنسقا؛ ئۇزۇنچاق، ئېگىز ھەم زور نەرسىلەر ئەرلىك جىنسقا سىمۋول قىلىنغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئەينى زاماندا بۇ قاراش ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان. «دەرەخ ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىكى ئايال ئىلاھتۇر. ئۇيغۇرلار دەل - دەرەخنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ ··· بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلاھىي دەرەخ بالىلارنى قوغدايدىغان ئايال ئىلاھ دەپ قارىلىپ، مۈشكۈلگە يولۇققان ئاياللار ياكى تۇغمىغان ئاياللار دەرەخكە سېغىنىدۇ»①. بىزنىڭچە دەل - دەرەخكە سېغىنىش تىپىك ئاياللىق خاراكتېرلىك ئىگە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كۆپلەپ نەسىل قالدۇرۇشتىن ئىبارەت، يەنى «ياغاچ - تاشقا تېۋىنىشتىكى مۇھىم بىر يوشۇرۇن مەزمۇن - دەل - دەرەخلەرنىڭ تېز كۆپىيىش ئىقتىدارى ۋە تاشنىڭ مۇستەھكەملىك خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق ئېڭىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت» ② ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئىپتىدائىي دىنىي قارىشى «ئوغۇزنامە» دە مۇنداق

ئەكس ئەتكەن: «ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى، ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى»③. بۇ تۈردىكى ئەپسانىلەر يەنە قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ «بۆگۈخان» ئەپسانىسىدا، راشىددىننىڭ «ئوغۇزنامە»سىدە ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش سۈژىتتا ئۇچرايدۇ. «ماناس»تا بۇ توغرىلىق بايان مۇنداق: «خانىكەي قىز شۇ چاغدا 13 ياشقا كىرگەن بولۇپ، شۇ كۈنى قېشىغا قىرىق قىزنى ئېلىپ، ئالاكۆلنىڭ بويىغا ئويۇنغىلى چىققان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قىرىق يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ سەپەردە كېتىۋاتقان ياقۇپنىڭ ئوغلى ياش ماناس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى»④. راشىددىننىڭ «ئوغۇزنامە»سىدىكى بايان مۇنداق: «قاراخان ئوغۇزخاننىڭ ھەرئىككى قىزدىن نەپرەتلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆكىسى ئورخاننىڭ قىزىنى سوراتتى. بىر كۈنى بۇ قىز ئۆز كېنىزەكلىرى بىلەن سۇ بويىدا سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. كېنىزەكلىرى بولسا كىيىملىرىنى يۇيۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئوغۇز ئوۋدىن قايتىپ كەلدى ـ دە، كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىنى ئېيتتى» ⑤. بۇ تەپسىلاتلار يەنە «قارا بۇغراخان» رىۋايىتىدىكى «(قارا بۇغراخان) دېگەن بىر پادىشاھ بار بولۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى قەشقەر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، سۇ بويىدا بېيىت ئېيتىپ ئولتۇرغان بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى ئۇ قىزغا ئۆيلەنمەك بولۇپ، كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ… » ⑥ دېگەن بايانلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن بايانلاردىن بىز مۇنداق ئاساسلىق ئۈچ يەكۈننى خۇلاسىلەپ چىقىمىز: بىرىنچىدىن، قەھرىمان ئوۋغا چىقىدۇ ياكى ئوۋدىن قايتىپ كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، قىز كۆل بويىدا ياكى سۇ ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، قىز كېنىزەكلىرى ئارىسىدا ياكى دەرەخ كاۋىكىدا تۇرغان بولىدۇ. بۇلارنى بىز ئايرىم ـ ئايرىم يېشىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن، بۇ سۈژىتلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد ئاساسىغا مۇراجىئەت قىلىمىز.

ئىنسانلارنىڭ باشلانغۇچ ئۇرۇقداشلىق دەۋرى بولغان ئانا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ئاياللار ھوقۇقىنىڭ چەكسىزلىكى تەبىئىي ھالدا بارلىق ئېتىقاد ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مايىل قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ تۇغۇش ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ باش تەڭرىنى ياكى ئانا تەڭرىنى ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىش، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىستىكىنىڭ نىجادچىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. «ئومايغا تېۋىنساڭ ئوغۇل تاپارسەن» دېگەن ماقالمۇ دەل شۇ ئېتىقادنىڭ يالدامىسىدۇر. بۇ باش تەڭرى كېيىنكى مەزگىللەردە ئاتا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە كۆكتىكى مۇقەددەسلىك ئورنىدىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپ، يەر ـ سۇ تەڭرىسى ئوماي، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان، كېيىنچە ئورمانلىق، تاغلىق، سۇلۇق جايلارنى ماكان تۇتقان، شۇنداق بولغاچقا شۇ جايلارمۇ مۇقەددەس جايلارغا ئايلانغان. «بۇنداق جايلار كىشىلەرنىڭ ئاجايىپ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. كۆپىنچە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەزىر ـ چىراغ بۇيۇملىرىنى شۇ يەرلەردە قويۇپ قويىدىغان

بولغان. ھەربىر بۆيۈم تەڭرى روھىنى نامايان قىلىپ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ روھقا يېقىن بولغان دەل ـ دەرەخ، قىيا ـ تاشلارمۇ مۇقەددەس نەرسە ھېسابلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىغا ياكى زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمىغان. ئۇلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق يامان غەرەزدە بولغانلىقىنىڭ ھەممىسى چېكىدىن ئاشقان چاكىنىلىق، دەپ قارالغان» ⑦. ئايال باش تەڭرىنىڭ سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتكەن رەسىملەردىمۇ «ئاي ئات ھارۋىدا ئولتۇرۇپ سەيلە قىلىدۇ. تېخىمۇ ئالاھىدە بولغىنى كېمىگە چۈشۈپ ساياھەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ماڭىدىغان يول سۇلۇق يول بولۇپ، ئۇ نەملىكنىڭ ئەسلىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئايلىنىدىغان جايلارنىڭ كۆپىنچىسى دەريا بويلىرى ياكى كەلكۈنلەردۇر» ⑧. يۇقىرىقى بايانلاردىن قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆل بويىدا ياكى دەرەخ كاۋىكىدا ئولتۇرغانلىقى نىسبەتەن ئايدىڭلىشىدۇ. قەھرىماننىڭ نېمە ئۈچۈن ئوۋدىن قايتىپ كەلگەن ياكى ئوۋغا چىققان سۈژىتىغا كەلسەك، بۇنى يەنە ئاي ئەپسانىسى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى «كۈز كۈنلىرىدە قوياشتىن ئۈستۈنلۈك تالاشقان كۈچ دەل قىشنىڭ سوغۇق ۋە قاراڭغۇلۇقىدۇر» ⑨. ئۇنىڭدىن باشقا مول ـ ھوسۇل كۆپ بولىدىغان كۈز كۈنلىرىدە ئوۋغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاش ئوۋچىلىق ھاياتىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت كۈنتەرتىپىدۇر. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئوغۇزخاننىڭ كۈز پەسلىدە ئوۋغا چىقىش سۈژىتى ئېھتىمالغا يېقىن بولىدۇ. دەرەخ كاۋىكىدا قىزنىڭ پەيدا بولۇش سۈژىتىغا كەلسەك، بۇ تۈردىكى سۈژىتلارنى بىز مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىيمىز: بىرى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئادەم تۇغۇشى ياكى ئادەمگە ئۆزگىرىشى، يەنە بىرى، ئايالنىڭ مىۋە ياكى ئۆسۈملۈكنى يۇتۇپ سېلىشىدىن ھامىلدار بولۇش. «ئوغۇزنامە»دىكى قىزنىڭ دەرەخ كاۋىكىدا ئولتۇرۇشى دەل بىرىنچى تۈرگە مەنسۇپ.

«ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخان ئىككىنچى قېتىم ئەمرىگە ئالغان بۇ قىز توغرىسىدىكى ئەپسانىۋي سۈژىت نېمە ئۈچۈن ئەسەردە سەل كېيىنرەك ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ سۈژىت ئوغۇزخان ئەمرىگە ئالغان نۇردىن ئاپىرىدە بولغان گۈزەل قىز ھەققىدىكى سۈژىتتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەر ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ ئوغۇزخاننىڭ بىرىنچى ئايالىنىڭ ئەسەردە ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ بىرىنچى ئايالى توغرۇلۇق «ئوغۇزنامە»دىكى بايانلار مۇنداق: «ئوغۇزخان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغان. ئۇ ساھىپجامال بىر قىز ئىدى… » ⑩ بۇ قىزنىڭ ئالدى بىلەن قوياش نۇرى ئىچىدە پەيدا بولغىنى جانسىز نەرسىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ئادەمنىڭ يارىلىش ئەپسانىسىگە مەنسۇپ

بولۇپ، بۇ تۈر يەنە ئۆز ئىچىدىن مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچىدىن، جانسىز نەرسىلەر ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ئادەمنىڭ يارىلىش ياكى شۇ نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئادەمگە ئۆزگىرىش تۈرى. بۇ تۈردىكى ئەپسانىلەردە تاشتىن، نۇردىن، ئىس ـ تۈتەكتىن، لايدىن ياكى سېھىرلىك قاپاقتىن ئادەم ئاپىرىدە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، جانسىز نەرسىلەر ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەققاسلانغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ جۈپلىشىشىدىن ئادەمنىڭ يارىلىش تۈرى. بۇ تۈردىكى ئەپسانىلەر بىرىنچى تۈردىكى ئەپسانىلەرنىڭ راۋاجىدۇر.

ئۈچىنچىدىن، جانسىز نەرسىلەر ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەققاسلانغان ئايال بىلەن ئەرنىڭ جۈپلىشىشىدىن ئادەمنىڭ يارىلىش تۈرى. ئوغۇزخاننىڭ قۇياش نۇرىدىن پەيدا بولغان ۋە دەرەخ كاۋىكىدا ئولتۇرغان ئايال بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن باللىق بولۇشى دەل مۇشۇ تۈردىكى ئەپسانىلەرگە مەنسۇپ.

تۆتىنچىدىن، جانسىز نەرسىلەر ياكى مەۋھۇم نەرسىلەر، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ھامىلدار بولۇش تۈرى. بۇ تۈردىكى ئەپسانىلەر كۆپىنچە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ ئانىسىنىڭ غايىپتىن ھامىلدار بولۇش مۇتىفىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ بىرىنچى ئايالىنىڭ نۇردىن پەيدا بولۇش ئەپسانىسىگە كەلسەك، بۇنى ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. قۇياش ئېتىقادچىلىقى ئاي ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىش نەتىجىسىدە، ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشى قۇياشقا باغلىق، دەيدىغان قاراش ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىدى. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئاي ئاياللىقنىڭ سىمۋولى بولغان بولسا، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە قۇياش ئەرلىكنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. ئاي ئىلاھىغا تەڭداش ئومايىنىڭ كۆكتىكى مۇقەددەس ئورنى زېمىنغا چۈشۈرۈلدى. نەتىجىدە بۇنىڭدىن «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەندەك تېپىك ئەر ـ ئاياللىق پۇراقىغا ئىگە يارالمىش قىسسىلىرى مەيدانغا چىقتى. قۇياش ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە يەنە ئاي ئېتىقادچىلىقىنىڭ ساقىندىلىرى روشەن دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغانىدى. «ئوغۇزنامە»دىكى كۆن نۇرىدىن يارالغان ئايال گەرچە ئاتىلىق خاراكتېرگە ئىگە نۇردىن بىۋاستە پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئانىلىق خاراكتېرى «ئەتراپىنىڭ بىردىنلا قاراڭغۇلىشىشى»دەك ئاي بىلەن نىسپىي بىردەكلىككە ئىگە مەنزىرە ئارقىلىق نامايان بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئاتىلىق خاراكتېرى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كېيىنچە ئوغۇزخاننىڭ تەختىگە بىۋاستە ۋارىسلىق قىلىشى ئارقىلىق گەۋدىلەنگەنىدى. بۇ جەھەتتىن ئۇ ئوغۇزخاننىڭ ئىككىنچى ئايالى بىلەن نىسپىي ماسلىقنى ساقلىغان ئىدى. يەنى ئىككى ئايالنىڭ بىرسىنىڭ نۇردىن، يەنە بىرسىنىڭ كۆلدىكى دەرەختىن يارىلىشى، ماھىيەتتە سۇ ۋە يورۇقلۇق (نۇر) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بىرىنچى ئايالنىڭ يارىلىشى

مۇتلەق ئەرلىككە، ئىككىنچى ئايال مۇتلەق ئاياللىققا سىمۋول قىلىنغان. يۇقىرىقى ئىككى ئايالدىكى بۇ خىل ماسلىق يەنە بىرىنچى ئايالنىڭ يارىلىشىدا نۇر يەر يۈزىگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما نۇرنى قوبۇل قىلىپ ئايالنى تۇغقان ئوبيېكتنىڭ يوقلۇقى، ئىككىنچى ئايالنىڭ يارىلىشىدا دەرەخ ئايالنى ئاپىرىدە قىلسىمۇ، بىراق ئاپىرىدە بولۇشقا تۈرتكە بولغان ۋاستىنىڭ يوقلۇقى ئارقىلىقمۇ قارار تاپىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئىككى ئايالنىڭ تەسۋىرلىنىشىمۇ تىپىك ئەر ـ ئاياللىق خاراكتېرگە ئىگە. ئۇلارنىڭ تەسۋىرلىنىش ھالىتى، سىمۋوللۇق مەنىسى، بالىلىرىغا قويۇلغان ئىسىملارمۇ تېگىشلىك ماسلىقنى ياراتقان.

ئاخىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئاۋۋال ئىلاھلار دۇنياسىدىن، ساماۋى كۆكتىن ئىزدەپ، ئاخىرى ئۆزىگە قايتىپ كەلگەنلىكىدەك پاكىت گاھىدا بىزنى «ئوغۇزنامە»دە ئوتتۇرىغا چىققان ئىككى ئايال بىر ئايالنىڭ ئوخشىمىغان ئۆزگىرىش ھالىتىمۇ قانداق، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشىمىزغىمۇ تۈرتكە بولماي قالمايدۇ. چۈنكى «ئەپسانىلەرنىڭ لوگىكىلىق ئالاھىدىلىكىدىن بىرى شۇكى، قارشىسىدىن چىقىپ ئىسپاتلاش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. يەنى ئىلگىرىكى ئەپسانىلەر دەۋرىدە ھەممە نەرسە تەتۈرىسىچە بولۇپ، كېيىن مەلۇم ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى بىزنىڭ ھازىرقى كۆنۈككەن ھالىتىمىزگە ئۆزگەرگەن» ⑪ . مەسىلەن، ئۇ دەۋردە ئاياللارنىڭ ساقىلى بار ئىكەنتۇق، ئەرلەردە يوق ئىكەنتۇق، كېيىن ئاياللار بالا ئېمەتىشتە قىينالغاچقا، ئەر ـ ئاياللار ساقال ئالماشتۇرۇپتىكەنمىش... ئىلگىرى ئەرلەر ئادەت كۆرەتتىكەنتۇق، ئاياللار كۆرمەيدىكەنتۇق، ئەرلەر ئوۋچىلىقتا ئادەت كۆرۈپ قىينالغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاياللار ئادەت كۆرىدىغان بوپتىكەنتۇق، دېگەندەك. بۇ قىياسقا ئاساسلانغاندا، قۇياش نۇرىدىن ئاپىرىدە بولغان ئايال ئەڭ ئىپتىدائىي ئەپسانىۋى دەۋرلەردە كۆل بويىدىكى دەرەختىن ئاپىرىدە بولغان ئايالغا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەن، بۇ ئىككى سۇژېت ئورۇن ئالماشتۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇندىن باشقا خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان مەلۇم بىر ھېكايىنىڭ سۇژېتى بەزىدە باشقا بىر ھېكايىدىكى مەلۇم بىر سۇژېت ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، كېيىنچە تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ھېكايىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىي ئەھۋال. «ئوغۇزنامە»دىكى بىرىنچى ئايالنىڭ قۇياش نۇرىدىن پەيدا بولۇش سۇژېتى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ چۆچەك، رىۋايەتلىرىدىكى ئاسماندىن قاناتلىق بىر پەرىنىڭ چۈشۈشى، ئۇنىڭ قانات ۋە كىيىملىرىنى سېلىپ قويۇپ كۆلدە يۇيۇنۇشى، يۇيۇنۇۋاتقاندا بىر ئەر كىشىنىڭ ئۇنىڭ قانات، كىيىملىرىنى ئېلىپ كېتىشى، كېيىن بۇ پەرىنىڭ شۇ كىشى بىلەن توي قىلىشىدەك سۇژېتلارنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى، يەنى ئاسماندىن بىر پەرىنىڭ چۈشۈشى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كېيىنكى قىسمى ئوغۇزخاننىڭ ئىككىنچى ئايالىنىڭ كۆلدە پەيدا بولۇشىدەك سۇژېت بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ قىياس بىزنىڭ بۇ ئىككى ئايالنىڭ پەيدا بو-

لۇش سۇژىتلىرىنىڭ كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ، ئومۇمىي بىر سۇژىتقا ئىگە رىۋايەت، چۆچەك ياكى ئېپوسقا ئايلىنىش جەريانىنى، بۇ ئىككى ئايالنىڭ كېيىنچە بىرلىشىپ بىر ئايالغا ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىمىزگىمۇ پايدىلىق.

يۇقىرىدا بىز «ئوغۇزنامە»دىكى كۆلدىكى دەرەختىن كىشىنىڭ يارىلىش سۇژىتىنى ئاساسى هالقا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يانداش هالدا قۇياش نۇرىدىن ئوغۇزخاننىڭ بىرىنچى ئايالىنىڭ پەيدا بولۇش سۇژىتى ۋە بۇ سۇژىتىنىڭ پۈتۈن ئەسەردىكى ئوتتۇرىغا چىقىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۇلاهىزە قىلىپ ئۆتتۇق. روشەنكى، «ئوغۇزنامە»دىكى ئەپسانىۋى سۇژىتلار تىپىك دىنىي پۇراققا ئىگە بولۇپ، بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. شۇڭا ئەسەردىكى مەلۇم بىر نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىمىز دەيدىكەنمىز، شۇنىڭغا ياندىش هالدا شۇ تۈردىكى باشقا سۇژىتلارغىمۇ مۇۋاپىق نەزەر ئاغدۇرۇپ، دىئالېكتىكىلىق يوسۇندا مەسىلىنى تەهلىل قىلغىنىمىز تۈزۈك.

پايدىلانمىلار:

① ② قەلبىنۇر مۇهەممەت: «تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر فولكلورىدىكى ئاياللارغا چوقۇنۇش قارىشى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 1995 - يىللىق 4 - سان، 47 - بەتتىكى نەقىل.

③ ⑩ «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل 3 - سان 44 -، 43 - بەتلەر.

④ ئۇرغالچا قېدىرباي نەشرگە تەييارلىغان: «ماناس»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى، 26 - بەت.

⑤ ئەهمەد زەكى ۋەلىدى توغان: «ئوغۇز داستانى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى باستۇرغان ماشىنكا نۇسخىسى، 10 - بەت.

⑥ ئابدۇكېرىم راخمان تۈزگەن: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 220 - بەت.

⑦ E· دۇركخىم: «دىنىي تۇرمۇشنىڭ دەسلەپكى شەكلى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 308 - بەت.

⑧ ⑨ M· خاتتىن: «ئاي ئەپسانىسى — ئايال ئەپسانىسى»، شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 238 -، 34 - بەتلەر.

⑪ B· رىفتىن: «ئەپسانە ۋە ئەرۋاھ قىسسىسى»، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋەسىقىلىرى نەشرىياتى، 2001 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 30 - بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)

# بۈيۈك مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىساخاننىڭ ھاياتى ۋە ئائىلىسىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر

سۇلتان مامۇت ئىبراھىم



ب د ت پەن - مائارىپ - مەدەنىيەت – تەشكىلاتى تەرىپىدىن 2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ئىنسانىيەت ئاغزاكي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىشىگە مۇستەھكەم ئۇل سالغۇچىلارنىڭ بىرى بۈيۈك مۇقامشۇناس خانىش ئامانىساخاندۇر. ئامانىساخان 16 - ئەسىردىكى ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تالانتلىق مۇزىكاشۇناس، شائىرە. ئەپسۇسكى ئەينى دەۋرلەردىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر، بولۇپمۇ سوفىزم تەرغىباتچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مۇبارەك نامى بىر مەزگىلگىچە ئاشكارا ئاتىلىشتىن مەھرۇم بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما سەنئەت سۆيەر ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك قىزىنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىدى. بەلكى ئامانىساخان توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى. مەسىلەن، 1956 - 1959 - يىللىرى سابىق جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەكەن، قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئامانىسا بېگىم ناملىق بىر شائىرە توغرىسىدا ھېكايە - رىۋايەتلەرنى توپلىغانلىقى بۇنىڭ روشەن دەلىلى.

كىشىلەر ئون ئىككى مۇقامنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنۇتما» دېگەن ھېكمەتلىك تەمسىلىنىڭ روھى بويىچە ئاشۇ مۇقاملارنىڭ ئەينى دەۋردىكى بۈيۈك پەرۋىشكارى، مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىساخاننى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. مۇشۇنداق ئەسلەش ئارقىلىق ئامانىسا-

خاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە دائىر بەزى مەسىلىلەرنى، جۇملىدىن ئۇنىڭ قەيسەر،
جۇشقۇن، غەيرەتلىك خاراكتېرى، بىلىم ئىگىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچە تالانتى، شا-
ئىرلىق، خەتتاتلىق ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھارىتى قاتارلىقلارنىڭ يېتىلى-
شىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئائىلە مۇھىتى
توغرىسىدىكى مۇجمەللىكلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە
توغرا ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتۈش كېرەك، دەپ قارايمىز. بۇ ئەۋلادلارنى ۋەتەننى،
خەلقنى، ئىلىم - پەننى ۋە ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىپ
تەربىيىلەشتە، شۇنداقلا ئۇلارنى تۆھپىكارلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىدىغان قىلىپ يې-
تىلدۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گەرچە ئۆتكەن
ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئامانىيساخان توغرىسىدا بەزى ئىزدىنىش ۋە تەت-
قىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنىڭ
خېلى بىر قىسمى قانداقتۇر ئايرىم كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسى-
دە ئىلمىيلىكتىن پۈتۈنلەي چەتنىگەن ھالدا خىيالنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان-
لىقى ئۈچۈن ھەقىقىي تارىخىي شەخس بولغان ئامانىيساخان بەزى كىشىلەرنىڭ، بو-
لۇپمۇ بەزى قېرىنداش مىللەت كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە خىيالىي شەخسكە ئايلىنىپ
قېلىپ، بۇ مەشھۇر مۇقام ئۇستازىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىدىن گۇمان-
لىنىدىغان ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، بىرقانچە يىل ئىل-
گىرى قېرىنداش مىللەتتىن بولغان ھەمدە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرگە بىرقە-
دەر تونۇشلۇق بولغان بىر ئەپەندى كىشىلەر توپلاشقان بىر سورۇندا: «ئامانىيساخان تا-
رىختا ئۆتكەن كىشىمۇ ئەمەسمۇ، بۇ تېخى بىر مەسىلە» دەپ ئوتتۇرىغا قويغاندا، گەرچە
مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئامانىيساخان توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇلغان
«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، «چىڭگىزنامە» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەردىكى پاكىتلار ۋە
خەلق ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلگەن «ئامانىيسا بېگىم» توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى
ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ھېلىقىدەك ئورۇنسىز گۇمانلارغا قايىل قىلارلىق دەرىجىدە
رەددىيە بەرگەن بولسامۇ، ئەمما كۆڭلۈمدە ئۆزۈنىچە بىر خىل غەشلىك ساقلىنىپ
قالغانىدى. چۈنكى، ئامانىيساخاننىڭ ھەقىقىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىدىن ئايرىم
كىشىلەرنىڭ گۇمانلىنىشىغا ھەقىقەتەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، بەزىلەرنىڭ تارىخى
ئەسەرلەرنى ئوبدانراق ئۆگىنىپ، ئۇلارنى چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىشىنىڭ ئورنىغا، پۈ-
تۈنلەي ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىغان غەلىتە
تۇترۇقسىز ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. بۇ خىلدىكى ھۆكۈم-
لەرگە تۆۋەندىكىلەرنى يەنى ئامانىيساخاننىڭ تۇغۇلغان يۇرتى دەپ ھۆكۈم قىلىنغان
«قومۇش مەھەللە»نىڭ ئامانىيساخان تۇغۇلغان 16 - ئەسىردە ئەمەس، بەلكى 20 - ئە-
سىرنىڭ 30 - يىللىرىدا پەيدا بولغان مەھەللە ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئۇ-
نىڭ دەرھال «غاز كۆلى»گە ئالماشتۇرۇلۇشى، ئامانىيساخاننىڭ ئائىلىسىگە نىسبەتەن

تارىخىي كىتابلاردا دېيىلمىگەن، ئەمما ھازىرقىلارنىڭ خىيالى بويىچە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامرات مەنىسىدىكى «كەمبەغەل» دېگەن سالاھىيەتكە ئىگە قىلىنىشى، تارىخچىلار ئېتىراپ قىلغان ئامانىنساخاندىكى مول بىلىملەرنىڭ ئاشۇ «تەكلىماكان بويىدا» گويا غايىبتىن پەيدا بولۇپ قالغاندەك تەسۋىرلىنىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پاكىتلىق ھۆكۈملىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامانىنساخان تەخمىنەن 1526 ـ يىلى قەدىمىي شەھەر ياركەنتتە تۇغۇلغان. 1560 ـ يىلى ۋاپات بولغان. تارىخىي مەلۇماتلار گەرچە يۇقىرىقىدەك بولسىمۇ، ئەمما بەزىلەر ئامانىنساخاننى قانداقتۇر 1520 ـ يىلى تۇغۇلغان، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مۇشۇ بويىچە بولغاندا، ئامانىنساخان 40 يېشىدا ۋاپات بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىز «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دىكى مەلۇمات بويىچە ئامانىنساخاننىڭ 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى «1520 ـ يىلى» دەپ بېكىتسەك، ئۇ ھالدا ئامانىنساخان 1554 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولىدۇ. ئەمما «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا ئامانىنساخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ قاتتىق ئازابلىنىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دەرۋەقە ئابدۇرەشىتخان 1533 ـ يىلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، 27 يىلدىن كېيىن يەنى 1560 ـ يىلى ۋاپات بولغان. مانا بۇ مەلۇماتلاردىن ئامانىنساخان بىلەن ئابدۇرەشىتخاننىڭ بىر يىل ئىچىدە، يەنى 1560 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن ۋاپات بولغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. دېمەك، يۇقىرىقى ھېسابات بويىچە، ئامانىنساخان قانداقتۇر 1520 ـ يىلى ئەمەس، بەلكى 1526 ـ يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نى ئەينى ۋاقىتتا نەشرگە تەييارلىغۇچىلارمۇ بۇ رىسالىدىكى ئامانىنساخان توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ:«بىرمۇنچە پاكىتلار مۆجىزىنىڭ ئامانىنساخان توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى مىلادىيە 1514 ـ يىلىدىن 1682 ـ يىلىغىچە، يەنى 1514 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ 48 يىللىق مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى ۋە سەئىدخاننىڭ خان قىلىپ تىكلەنگەنلىكى جاكارلىنىپ، تاكى 1682 ـ يىلى ئافاق غوجا (ھىدايىتىللا ئىشان) جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ھەربىي ياردىمىدە ئاخىرقى خان (11 ـ خان) ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانغا قەدەر 168 يىل داۋاملاشقان. ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شىمالدا يەتتە سۇ، پەرغانە ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆلگىچە، جەنۇبتا تىبەت ـ كەشمىرلەرگىچە، غەربتە بەدەخشانغىچە، شەرقتە قۇمۇلغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پەقەت شىنجاڭ رايونىدىلا پايتەخت ياركەنتتىن تارتىپ قەشقەر، يېڭىسار، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قارا شەھەر،

قۇمۇل ۋە بۈگۈرلەر ئاساسىي شەھەرلەردىن ھېسابلانغان.

«تارىخى رەشىدىي»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سەئىدخان دەۋرىدە خەلققە ئەمەلىي نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ۋە بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە قارىغاندىمۇ خېلىلا ئادىل ھېسابلىنىدىغان «پادىشاھلىقنىڭ 10 شەرتى» قاتارلىق بىر يۈرۈش قانۇن - تۈزۈملەر ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىنغاندىن باشقا يەنە مەرىپەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەن. ئاشۇ دەۋردە ياركەنت شەھىرىدە قۇرۇلغان 2 - خانلىق مەدرىسە «ئالتۇن مەدرىسە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى يەكەندىكى ھازىرقى ئالتۇن باشلانغۇچ مەكتەپ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

ئابدۇرەشىتخان تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ سەئىدخاننىڭ ئىشلىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە بىرمۇنچە يېڭى تەدبىرلەرنى يولغا قويغان. شۇنداقلا ئۇمۇ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدرىسە - مەكتەپلەرنى كۆپەيتكەن. ئابدۇرەشىتخاننىڭ «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ نامىغا ئاتاپ بىنا قىلدۇرغان «مىرزا ھەيدەر مەدرىسە»سى ياركەنت شەھىرىدىكى 2 - خانلىق مەدرىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى يەكەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ شەرق تەرەپ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدىكى (ئامانىساخان ئۈسۈپ - يېتىلىۋاتقان چاغلاردىكى) ۋەزىيەت 1989 - يىلى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە - «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان مەزكۇر كىتابتا مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ: «سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدە ياركەنت خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىگىلىك تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى»، «سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىتخان بىر قەدەر يۇقىرى ئەدەبىي تالانتقا ئىگە، مېڭىسى سەگەك، خانلىقنىڭ ئامانلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دانا خانلار ئىدى»، «ئابدۇرەشىتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنىدى. شۇ دەۋردىمۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغان. بەزى جايلار تېخىمۇ گۈللەنگەنىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن (مەزكۇر كىتاب، 325 - 326 - بەتلەر).

دېمەك، سەئىدخان تەختكە چىقىپ 12 يىلدىن كېيىن دۇنياغا كۆز ئاچقان ئامانىساخان يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئەنە شۇنداق ياخشى بىر شارائىتتا ئۆسۈپ - يېتىلىپ، ئەتراپلىق تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئامانىساخاندەك بۇنداق ياپپاش بىر قىزدىكى شېئىر، مۇزىكا، خەتتاتلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدە بىلىم ۋە ماھارەتلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى بىلىم ئوچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان ياركەنت شەھىرىدىن يىراق بىر سەھرادا يېتىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسىگە ئايان، ئەلۋەتتە.

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامانىساخاننىڭ دادىسى ئەسلىدە بەزىلەر يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى ئوخشاش شەكىلدە تەكرارلاپ كەلگەندەك «كەمبەغەل ئوتۇنچى» بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدە ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن بىرى بولغان.

لىقى مەلۇم. شۇنداقلا بۇ كىشىنىڭ ئابدۇرەشىتخان تەختكە چىقىپ مەلۇم ۋاقىتتىن
كېيىن بەزى ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ، شەھەردىن
يىراق بولغان تەكلىماكان بويىدىكى كونا تاتا (ھازىرقى قارا سۇ) يېزىسىنىڭ شاخ تاتا
(ھازىرقى شاپتۇللۇق) كەنتىگە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقانلىقىمۇ ئايدىڭلاشماقتا. بۇ
يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇنىڭدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىكى
ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، ھەتتا ھازىرمۇ بۇ يېزىلاردا ئاھالىنىڭ نىسبەتەن شالاڭ، دەل -
دەرەخ ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنىڭ بىرقەدەر كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئوتۇن ئېلىم -
سېتىمىنىڭ بولمايدىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن مەخسۇس «ئوتۇنچى» كەسپىنىڭمۇ مەۋ-
جۇد ئەمەسلىكى بىر پاكىت. شۇڭا «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دىكى «مەھمۇد ئاتلىق ئو-
تۇنچى» دېگەن باياندىكى «ئوتۇنچى» ئاتالغۇسىنىڭ شۇ چاغدا زادى قانداق مەنىدە ئىش-
لىتىلگەنلىكىنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا كۆرسە-
تىلگەنىدەك، بۇ ئائىلىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر
شائىرى ئەلىشىر نەۋائىدىن تارتىپ فۇزۇلى قاتارلىق باشقا شائىرلارنىڭ قىممەت باھا-
لىق ئەسەرلىرىگىچە، شۇ دەۋردە كەم تېپىلىدىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئايرىم ئوقۇ-
مۇشلۇق ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى يار بېرىدىغان ئائىلىلەردىلا بولىدىغان قەغەزدىن
تارتىپ، دۇۋەت، قەلەم قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ
ئەسۋابلارغىچە ساقلانغانلىقى يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەقىقەتەن بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئابدۇرەشىتخان تەكلىماكان بويىغا جايلاشقان ۋە «شاخ تاتا» (ئەسلىدە شاخ تارتار)
دەپ ئاتىلىدىغان ئەنە شۇ خىلۋەت كەنتتە ئامانىيساخان بىلەن ئۇچراشقان. بۇ 1539 -
يىللارغا توغرا كېلىدىغان ۋەقە بولۇپ، بۇ چاغدا ئامانىيساخان 13 ـ 14 ياشلاردا، ئاب-
دۇرەشىتخان 28 ياشتا ئىدى. بۇ ياش قىزنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئالاھىدە تالانتى،
چىرايلىق ھۆسنخەتلىرى، تەڭتۇشلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىلىمى ۋە
شائىرلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس بولغان ھايالىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ۋە
گۈزەل رۇخسارى ئەسلىدە شائىر، مۇزىكانت ۋە ئىلىم ئەھلى بولغان بۇ ياش پادىشاھتا
ئالاھىدە بىر خىل قىزىقىش ۋە زوقمەنلىك قوزغىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامانىيساخان
سۇلتان ئابدۇرەشىتخانغا بېغىشلاپ يازغان:

سەڭا يۈز شۈكۈر يارەب بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر ـ مىسكىنغە ئابدۇرەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ.
نەفسى كېچە ـ كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىغە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.

قاتارلىق شېئىرلىرىنى پەنجگاھ مۇقامىغا سېلىپ، تەمبۇر بىلەن ئورۇنلىغاندا،
ئابدۇرەشىتخاندىكى ھەيرانلىق ۋە زوقلىنىش چېكىگە يەتكەن. ئاخىردا «نەفسى» تە-
خەللۇسلۇق شائىرەنىڭ دەل ئاشۇ ئامانىيساخان ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئابدۇرەشىتخان

ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا نىكاھىغا ئالغان. بۇ ۋەقە تەخمىنەن 1540 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاماننىساخاننىڭ يۇقىرىقى شېئىرى قانداقتۇر تارىختىكى بەزى ئوردا شائىرلىرىدەك خاننى زورمۇزور مەدھىيىلەپ يازغان سۇنئىي مەھسۇلات بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۆزى بىۋاستە كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھېس قىلغانلىرى بويىچە ئۇنىڭ قەلبىدە ئابدۇرەشىتخانغا نىسبەتەن پەيدا بولغان ھەقىقىي رازىمەنلىك ۋە ھۆرمەتلەش ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى بولغاندىن باشقا يەنە ئۇ ئاۋام - پۇقرانىڭ ئابدۇرەشىتخانغا بولغان يۈرەك ساداسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى ئىدى. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ئاماننىساخان بىلەن ئابدۇرەشىتخاننىڭ نىكاھ ئىشى قانداقتۇر مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولماستىن، بەلكى رازىمەنلىك بىلەن ۋۇجۇتقا چىققان مۇھەببەتلىك نىكاھ بولغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە شېئىر ۋە مۇزىكىغا بولغان ئورتاق ھەۋەس كېيىنكى چاغلاردىمۇ بۇ ئىككىيلەننى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاماننىساخان ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئىككى خىل تەبىقىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ بىرى چوڭ خانىش - چۇچۇك خانىم باشچىلىقىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرى، يەنە بىرى تەركىدۇنياچى مۇتەئەسسىپ سوپى - ئىشانلار. «چىڭگىزنامە»دە كۆرسىتىلىشىچە، خاننىڭ ئاماننىساخاننى نىكاھىغا ئېلىشىغا ئالدى بىلەن چوڭ خانىش چۇچۇك خانىم قارشى چىققان. چۇچۇك خانىمنىڭ بۇنداق قىلىشىدا كۈندەشلىكنىڭ مۇھىم سەۋەب بولغانلىقى ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك. يەنە بىر تەرەپتىن سوپى - ئىشانلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ تەركىدۇنياچى مەزھەپچىلەر خاننىڭ قوللىشى بىلەن بولۇۋاتقان مۇقاملارنى رەتلەش ئىشلىرىغا ئاشكارا قارشى چىقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تىغ ئۇچىنى ئاماننىساخانغا قارىتىپ يوشۇرۇن پىتنە - پاسات تارقىتىپ تۇرغان. چوڭ خانىشنىڭ ئاماننىساخاننى ھاقارەتلەپ «لولى» دەپ ئاتىشى ئەمەلىيەتتە ئەينى دەۋرنىڭ يۇقىرى تەبىقە غەيۋەتچى ئاياللىرى بىلەن سوپى - ئىشانلارنىڭ تۈرلۈك سورۇنلاردا بىرلىكتە تارقىتىپ يۈرگەن پىتنە - پاساتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، خالاس. «چىڭگىزنامە»دىكى باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «ئون ئىككى مۇقام»نى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنى ئوبدان بىلىدىغان، شۇنداقلا مۇزىكا ماھىرى بولغان ئابدۇرەشىتخان ئاماننىساخاننىڭ ئوردىدا سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىشىگە ۋە مۇقاملارنى رەتلەش ئىشلىرىغا باشتىن - ئاياغ كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك رەتلىنىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە.

ئاماننىساخان ئوردىدا خانىش بولۇپ 20 يىل تۇردى. ئۇ ۋاقىتنى تارىختا ئۆتكەن بەزى خانىشلاردەك ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلماستىن، بەلكى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بېغىشلىدى. ئاماننىساخان يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئابدۇرەشىتخاننىڭ قوللىشى ۋە يەنە بىر مۇقام ئۇستازى، ماھىر مۇزىكانت،

ھەشتار قاتارلىق بىرقانچە چالغۇ - ئەسۋابلارنىڭ ئىجادچىسى ۋە يېڭىلىغۇچىسى، شا-
ئىر ۋە مۇزىكا تەتقىقاتچىسى، ئابدۇرەشىتخاننىڭ يېقىن دوستى، ئوردا ۋەزىرى قىدىر-
خان ياركەندىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە
جاسارىتىگە تايىنىپ، مۇقامچىلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، مۇقاملارنى رەتلەش ۋە
تېكىستلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋە جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكنى تەشكىللىگەن ۋە
قانات يايدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆزىمۇ دائىملىق ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قى-
لىپ، «ئىشرەت ئەنگىز» (خۇشاللىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان. «نە-
فىسى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ھەمدە «دىۋان نەفىسى» (نەفىسى
شېئىرلار توپلىمى)نى تۈزگەن. شائىرلىق، خەتتاتلىق، نەغمىچىلىك توغرىسىدىكى
«شۇرۇھۇل قۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى)، خانىم - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدى-
كى «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. شۇنداق
قىلىپ ئامانىساخان ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىدىن تارتىپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان ۋە يازغان
ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمى ۋە مەزمۇنىغىچە راستچىللىقنى، گۈزەللىكنى، خۇشاللىقنى
تەرغىب قىلغان ھەمدە ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تېكىستلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت
ئۇلۇغۋار ئىشنى غەلىبىلىك تاماملاپ ۋە ئۇنى خەلق ئىچىگە تارقىتىش ئارقىلىق جا-
ھالەتپەرەسلەرگە ھەقلىق يوسۇندا رەددىيە بەرگەن.

بۈيۈك مۇقام ئۇستازى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى ئامانىساخان باشلىغان
ۋە راۋاجلاندۇرغان. ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى ياركەنت سە-
ئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە يەنە بىر قېتىم باشقىچە قانات يېيىپ،
نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئون ئىككى مۇقامنى مۇزىكا ۋە تېكىست
جەھەتتە يەنە بىر قېتىم رەتلەش ئىشى غەلىبىلىك تاماملاندى. ئون ئىككى مۇقام تەت-
قىقاتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە 1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە شۇ يى-
لى ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىملىق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈل-
دى. 1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يەكەندە ئېچىلغان 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ
مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، تەتقىقات مەزمۇنىنىڭ
چوڭقۇرلاشقانلىقى بىلەن ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى ھەمدە تاللانغان ماقالىلەر توپ-
لىمى - «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» دېگەن كىتاب نەشر قىلىپ تارقىتىل-
دى. شۇنداقلا ئامانىساخان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەدىمىي يۇرت يەكەندە ئۇنىڭ مەقبەرى-
سى قايتىدىن ياسالدى ۋە ھەيكىلى تۇرغۇزۇلدى. بۇ، تارىختا مۇشۇ يۇرتتا بىر مەدەنى-
يەت - سەنئەت ئەربابىغا، شۇنداقلا بىر ئالىمغا ئاتاپ تىكلەنگەن تۇنجى ئابىدە بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بىرقانچە يىلدىن
بېرى ياۋروپا، ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى بىرمۇنچە ئەللەردە زىيارەتتە بولۇپ، ئۇيغۇر ئون
ئىككى مۇقامىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلاش ئارقىلىق ھەرقايسى ئەل خەلقلى-
رىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا، CD، VCD، DVD، پلاستىنكىلىرى ئىشلىنىپ، كەڭ
كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. 2004 - يىلى دېكابىردا ئۈرۈمچىدە ئۈچ

ئىلمىي جەمئىيەت بىرلەشتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. جۈملىدىن ئامانىسساخاننىڭ يۇرتى يەكەندىمۇ 2003 - يىلىدىن باشلاپ خەلق ئارىسىدىكى مۇقامچىلارنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى ئورۇنلىشى بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، باھالاش ئارقىلىق تاللانغان خەلق مۇقامچىلىرى گۇرۇپپىسى قەشقەر، بېيجىڭ، سۇجۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئون ئىككى مۇقامنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دۇنيا بويىچە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت مىراسى ئىكەنلىكى جاكارلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى دۇنياغا تەنتەنىلىك نامايان قىلىندى.

شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ 16 - ئەسىردىكى بۈيۈك پەرۋىشكارى، قەيسەر ئۇيغۇر قىزى، مۇقام ئۇستازى ئامانىسساخاننىڭ مۇبارەك نامى ئاشۇ مۇقاملارنىڭ ئاجايىپ جەلپ قىلارلىق كۈيلىرى بىلەن بىللە پۈتۈن دۇنيادا مەڭگۈ جەۋلان قىلغۇسى !

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

«بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ھازىرغىچە بولغان قىسىملىرى.

شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى.

موللامىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 1986 - يىلى نەشرى.

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللانېئمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

ئىبراھىم نىياز: «تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى.

سۇلتان مامۇت ئىبراھىم: «ئامانىسساخاننىڭ يۇرتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 5 - سان.

ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئامانىسساخاننىڭ سەھرادىكى يۇرتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىللىق 3 - سان بىلەن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانى.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پىنسىيونېرى)



# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىمىزدىكى رولى توغرىسىدا

مۇيەسسەر ئابدۇللا

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، تەبىئەت قارىشى، مۇھەببەت - نەپرىتى، گۈزەل غايە، ئىستەكلىرى ناھايىتى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى بارلىققا كەلگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك قىممىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭىنىڭ يېنىك، رېتىملىق، جەلبكارلىققا ئىگە بولغانلىقى، شۇنداقلا ناخشا تېكىستلىرىنىڭ لوگىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە بولغانلىقى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلارنىڭ جايىدا قوللىنىلغانلىقى، شۇ ئارقىلىق مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىنغانلىقى، شۇنداقلا ھەربىر ناخشىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراققا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە تويۇنغانلىقىدا. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. بىزگە مەلۇم، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇن - سىن بازارلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۈن - سىن بازارلىرىدا كەسپىي ناخشىچىلار ئورۇنلىغان ناخشىلار ۋە ناخشا ھەۋەسكارلىرى ئورۇنلىغان ناخشىلاردىن تۈزۈلگەن نۇرغۇن ناخشا پلاستىنكىلىرى نەشر قىلىنىندى. بۇ پلاستىنكىلار ئىچىدە خەلق ناخشىلىرىدىن تۈزۈلگەن پلاستىنكىلارمۇ، ئىجادىي ناخشىلاردىن تۈزۈلگەن پلاستىنكىلارمۇ، ئەبجەش ناخشىلاردىن تۈزۈلگەن پلاستىنكىلارمۇ بار. بۇ پلاستىنكىلار بازارغا سېلىنغان ھامان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن تۈزۈلگەن پلاستىنكىلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشقا ئېرىشىشى ياخشى بولىۋاتىدۇ. ئۇندىن باشقا سەھنىلەردە قويۇلغان ئويۇنلاردى-

مۇ ناخشىچىلار ئورۇنلىغان نومۇرلار ئارىسىدا بىر-بىر خەلق ناخشىسى بولمىسا تاماشى-بىنلارنىڭ ھاردۇقى چىقمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا خەلق ناخشىلىرىنىڭ ھېلىھەم مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرى بىلەن بوگۇنكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەل-مەكتە. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) كىشىلەردە ئەمگەكنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئۇرغۇتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، مېھنەتكەش خۇسۇسى-يىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھالال ئەمگەكنى، مېھنەتنى كۈيلەش، بۇ ناخشىلارنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەمگەك ئادىتى ھېسابلانغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئېتىز، ئورما، خامان ناخشىلىرى ۋە چوپان ناخشىلىرى ئادەمدە ئەم-گەكنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئۇرغۇتىدىغان ناخشىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) ئادەمگە يىراق تارىخنى ئەسلىتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە مىللەت. ئەۋلادلىرىمىز ئۇزاق تارى-خى تەرەققىيات جەريانىدا يىپەك يولىنى بويلاپ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىزىنى قالدۇرغان. سەپەر جەريانىدا تۇرلۇك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى، قول - ھۈنەر بۇيۇملى-رىنى ئېلىپ چۆل - جەزىرىلەردىن، تاغ ـ داۋانلاردىن ئاشقان. ئۇزاق سەپەر ئۇستىدە زېرىكىشنى پەسەيتىدىغان، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان، ھاردۇقنى چىقىرىدىغان، ئەل - مە-ھەللە، قېرىنداشلىرىنى، ئۆتكەن تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى سېغىنىدىغان، ئەسلەي-دىغان ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. بۇ ھازىر ئېيتىلىۋاتقان كارۋان ناخشىلىرى نامىدىكى ناخشىلارنىڭ ئۆزى بولۇپ بۇ ناخشىلار ئادەمگە ئەجدادلار بېسىپ ئۆتكەن يىراق تارىخنى ئەسكە سېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) كىشىلەردە پاك سۆيگۈ - مۇھەببەتكە سادىق بولۇش ھېسسىياتى ئۇرغۇتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئىنسانلار ئارىسىدىكى پاك سۆيگۈ - مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان ئې-سىل ئەنئەنىگە، مۇنەۋۋەر خىسلەتكە ئىگە مىللەت. ئۇيغۇر خەلقى ئىنسانلارنىڭ گۈ-زەل، شىرىن، ھېس - تۇيغۇ بايلىقى بولغان مۇھەببىتى ئۇچۇن جان - پىدا قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. مۇھەببەتسىز ھاياتنى مەنىسىز ھايات، دەپ قارايدۇ. شۇڭا مۇھەب-بەت تېمىسىدا نۇرغۇن ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. بۇ جەھەتتە مۇھەببەت كۈيلەنگەن

ناخشىلار ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاساسى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر خەلق مۇھەببەت ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەزمۇنىنىڭ يوشۇرۇن، ئوخشىتىشلىرىنىڭ جايىدا بولغانلىقى، شەرمى ھايانى، ئەخلاقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىقى بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر خەلقى مۇھەببەت ناخشىلىرى ئاڭلىغۇچىلاردا پاك ـ سۆيگۈ مۇھەببەتكە سادىق بولۇش ھېسسىياتى ئۇرغۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4) ئادەمدە كوللېكتىۋىزملىق روھ يېتىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى كوللېكتىۋىزملىق روھقا باي مىللەت. ئۇلار بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولسا ئوم، كوللېكتىپ بولۇپ قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. بىرەر ئىشنى نەتىجىلىك قىلسا، ھوسۇل ئالسا بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تەبرىكلەيدىغان ئەنئەنىگە ئىگە. نەتىجىدە مەشرەپ ناخشىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ مەشرەپ ناخشىلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كوللېكتىپ ئورۇنلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ زىننىتى بولۇپ كەلمەكتە. كوللېكتىپ ئورۇنلانغان بۇ مەشرەپ ناخشىلىرى كۆرگۈچىلەردە كوللېكتىۋىزملىق ئادەتنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

5) ئادەمدە تەبىئەت سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدۇ.

ئۇيغۇرلار تەبىئەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن مىللەت. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا تەبىئەتنى ئەزىزلەيدىغان ناخشىلار بار. بۇ ناخشىلار تاغ ناخشىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىغاندا ئادەمدە بىپايان، گۈزەل تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتكە مۇھەببەت باغلاش ھېسسىياتى پەيدا بولىدۇ.

6) خەلق ناخشىلىرى ھازىرقى زامان ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ پۈتمەس ـ تۈگمەس بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى بۈگۈنكى كۈندە بىر تارىخقا ئايلاندى. ئۇ يىراق ئۆتمۈش زامانغا مەنسۇپ. ئەمما ئۇنىڭ قىممىتى تۈگىگىنى يوق. ئۇنىڭ قىممىتى يۇقىرىقى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى، ھازىرقى ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمىزدە شالغۇتلىشىش ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزنى ئەنئەنە ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي بايلىقىغا ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىدە)



# دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر — «مىڭ بىر كېچە»

ئازات ئالماس

دۇنيادىكى بارلىق مۇنەۋۋەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى ھامان ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۆركەم ۋەقەلىكى، سېھىرلىك تەسەۋۋۇرى ۋە خىياللىرى، گۈزەل ۋە قىزغىن غايىۋى ئىزدىنىشلىرى بىلەن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىليونلىغان ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

قەدىمكى كلاسسىك مەشھۇر ئەسەر - ئەرەب خەلقىنىڭ چۆچەكلىرى توپلىمى، دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بۈيۈك مۆجىزە - «مىڭ بىر كېچە» دەل مۇشۇنداق ئېسىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنىڭ بىرىدۇر.

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ قاچان، قەيەردە يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، بەزى دەلىلشۇناسلارنىڭ تەكشۇرۇشىچە، مەزكۇر ئەسەرنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا مۇنداق ئۈچ خىل قاراش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ: بىرىنچى، پېرسىيە، ھىندىستان. ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى (956 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئالتۇن يايلاق»تا، شەھرىزاد ھەققىدىكى ھېكايىلەر پارس ھېكايىلىرى توپلىمى «ھەزار ئەپسانە» (مىڭ چۆچەك)دىن كەلگەن، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. يەنە بىر ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى نادىم (تەخمىنەن 1047 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۆزىنىڭ «ئىندېكسنامە» ناملىق كىتابىدا «ھەزار ئەپسانە»نىڭ دەسلەپكى ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىسىنى كۆرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. بەزىلەر بۇ پارس ھېكايىلىرى توپلىمىنىڭ تەرجىمانى دەل «كەلىلە ۋە دىمنە»نى تەرجىمە قىلغۇچى ئىبنى مۇقەففانىڭ دەل ئۆزى، دەپ قارايدۇ، لېكىن بۇ ھەقتە تېخى ھۆكۈم چىقىرىلغىنى يوق. بەزى ئالىملار پارس ھېكايىلىرى توپلىمىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھىندىستان، يەنى ئەسلىي نۇسخىسى سانسكرىتچە بولۇپ، كېيىن قەدىمكى پارس تىلى (پەھلەۋى تىلى)غا تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئاخىردا ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى، باغداتنى مەركەز قىلغان ئابباسىيلار سۇلالىسى (750 - 1280) زامانىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ - تارقىلىپ يۈرگەن، بولۇپمۇ ھارۇن رەشىد (786 - 809) بىلەن مەئمۇن (813 - 833)دىن ئىبارەت ئىككى خەلىپە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىللىدىكى ھېكايىلەردۇر. ئۈچىنچى، مىسىر مەملۇك سۇلالىسى (1250 - 1517) مەزگىلىدە، خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەردۇر...

قىسقىسى، «مىڭ بىر كېچە» ئەسلىدە VIII ئەسىردىن باشلاپ ئەرەب خەلقىنىڭ ھىندىستان، پېرسىيە قاتارلىق جايلاردىن ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يېتىپ كەلگەن ھېكايىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق قايتىدىن تۈزۈپ چىقىپ

كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن، بۇ ھېكايىلەر ئۇزۇن ۋاقىت خەلق ئارىسىدا قايتىدىن ئىشلىنىپ، پىششىقلىنىپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئاخىر يېزىق ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن، تەخمىنەن XVI ئەسىردە كىتاب ھالىتىگە كەلگەنلىكى ئېنىق. كىتاب بولۇپ شەكىللەنگىچە ئۆتكەن سەككىز ئەسىر ئىسلام دىنى راۋاجلىنىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن زامان بولغاچقا، چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى چوڭقۇر سىڭگەن.

«مىڭ بىر كېچە» ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ قامۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بەكمۇ مول ۋە رەڭگارەڭدۇر. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب خەلقىنىڭ دۇنيانى بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئىگىلىشىنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىپادىسىدۇر. شۇڭا، ھەربىر ھېكايە مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي، تارىخىي مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرى ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىگە تەۋە ئاندالۇسىيە، سىسىلىيە ئارىلى ئارقىلىق، ئەھلى سەلىپنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى (1096 - 1291) ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق غەربكە تارقالغان، شۇنىڭدەك غەرب مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، ھەتتا ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە، جۈملىدىن مۇزىكا، رەسساملىقىغىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، دۇنياۋى مەشھۇر يازغۇچىلار، يەنى چاۋسېر «كىنتولى ھېكايىلىرى»نى، دانتې «ئىلاھ كومېدىيىسى»نى، بوككاچچو «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» (يەتتە قىز، ئۈچ يىگىتنىڭ ئون كۈن ئىچىدە ئېيتقان يۈز ھېكايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى ۋە سىرۋانتىس «دونكخوت»نى يازغاندا، «مىڭ بىر كېچە»نىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامىغا ئۇچرىغان. XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، «مىڭ بىر كېچە» فرانسىيىدە تۇنجى قېتىم فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ياۋروپادا ھەر خىل يېزىقتىكى تەرجىمە نۇسخىسى ۋە يېڭى تەرجىمە نۇسخىسى بارلىققا كېلىپ، بىر مەھەل «شەرق قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلگەن. فرانسىيىلىك مەشھۇر مەرىپەتچى مۇتەپەككۇر، يازغۇچى ۋە پەيلاسوپ ۋولتېر: «مەن ‹مىڭ بىر كېچە›نى تۆت قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن، ھېكايە ژانىرىنىڭ بەدىئىي تەمىنى تېتىغاندەك بولدۇم» دېگەن. مەشھۇر يازغۇچى ستېندال خۇدادىن «مىڭ بىر كېچە»دىكى ھېكايە تەپسىلاتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، بۇ كاتتا ئەسەرنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇشقا مۇيەسسەر قىلىشنى تىلىگەن. ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي «مىڭ بىر كېچە»گە باھا بەرگەندە، ئۇنى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ «ئەڭ كۆركەم يادىكارلىقىدۇر» دەپ ماختىغان ۋە «بۇ ھېكايىلەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەڭ مۇكەممەل ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ كىشىنى شەيدا قىلغۇچى گۈزەل توقۇلمىلىرى، راۋان، يېقىملىق تىلى شەرقتىكى مىللەتلەر — ئەرەبلەر، پارسلار ۋە ھىندىلارنىڭ گۈزەل ئەپسانىلىرىدىكى زور قۇدرەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ» دېگەنىدى.

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ ھېكايىلىرى 1900 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ دۆلىتىمىزدە كەڭ تارقالغان، 30 -، 40 - يىللىرى خەنزۇ ئېغىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بىرمۇنچە نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىلىرى ۋە تاش باسما نۇسخىلىرىمۇ كۆپ، شۇنىڭدەك بۇ نۇسخىلار ئارىسىدىكى پەرق-

لەرمۇ كۆپ. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر تىللىرىغا ئىجادىي يوسۇندا تەرجىمە قىلىنغان، جۇملىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغىمۇ كۆپ قېتىم تەرجىمە قىلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مىڭ بىر كېچە» XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن ئاقسۇلۇق مۇھەممەت ئابدۇللاخاننىڭ چاغاتاي ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 1954 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە تەرجىمىسى ھەم ناشون تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، 1957 - يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىلغان.

«مىڭ بىر كېچە»نىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ بولسىمۇ تولۇق رومانتىزمدۇر. بۇ ھەم ئۇنىڭدىكى ئەپسانە تۇسىدە ئىپادىلىنىدۇ، ھەم ئۇنىڭدىكى تەسەۋۋۇر ۋە فانتازىيىنىڭ ئەركىن قانات قېقىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا، بىۋاستە ۋەقەلىكتىن باشلاش ۋە دەرھال ئۇنى قانات يايدۇرۇش، سۇژىت تەرەققىياتى ئۆزگىرىشچان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بار. بىز «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدە ھەر دائىم خەتەرلىك ۋە غەيرىي كۆرۈنۈشلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ، ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى نەزەرىمىزدىن ساقىت قىلغاندىمۇ، رېئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ھېكايىلەرنىڭ سۇژىتىمۇ غەيرىي ۋە ئۆزگىرىشچاندۇر. پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتىمۇ، «مىڭ بىر كېچە»دە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىر ئىپادىسى روشەن ھالدىكى قارىمۇقارشى قويۇش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەشتۇر. يەنە بىرى، پېرسوناژلارنىڭ مەلۇم خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلىك قىلىپ يېزىشتىن ئىبارەت.

ئىنتايىن كۆركەم ۋە كۈچلۈك ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە بولغان تىل «مىڭ بىر كېچە»نىڭ ئۆزۈندىن بۇيان تەسىر كۆرسىتىپ كېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. كىتابتا پىششىقلانغان خەلق تىلى قوللىنىلغان. شۇڭا، ئۇنىڭ تىلى جانلىق، راۋان، رەڭدار، سۆز بايلىقى مول بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. شۇڭا، «مىڭ بىر كېچە» دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەر سۈپىتىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ دۇنيادىكى خىلمۇخىل تىلدا سۆزلىنىدىغان مىليونلىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئىستېتىك زوق ئاتا قىلىپ كەلمەكتە. ھازىر «مىڭ بىر كېچە»نىڭ ھېكايىلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە سەھنىلەشتۈرۈلمەكتە ۋە كىنوغا ئېلىنماقتا.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:


①خەنزۇچە «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» قىسمىنىڭ 2 - تومى.

②خەنزۇچە «دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر»، جۇڭگو كومېدىيە نەشرىياتى، 2005 - يىلى 1 - ئاي نەشرى

③ئۇيغۇرچە «چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن لېكسىيىلەر» (1 - قىسىم)، شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆ نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.


(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)










# 源泉 （布拉克）（维吾尔文）总109期

# بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي109-سان

**BULAK A bimounthly Journal in Uighur Language**

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
本刊代号：58—108　定价：6.50元
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋاكالەت نومۇرى : 108-58.  باھاسى : 6.50 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118